

# NEW JADE LITERATURE

# يېڭى قاشتېشى

ISSN 1002-9206

1

1998



ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەت، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئاتاقلىق يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم خوتەنگە خىزمەتكە كەلگەندە بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن بىللە بولدى.



غازى ئەمەت، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم يەرلىك ئەدىبلەر بىلەن خوتەننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشمەكتە.



پېشقەدەم شائىر، ژۇرنالىست جاپپار ئەمەت ئۆتكەن يىلى يازدا يۇرتىغا كەلگەندە، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىكى تەھرىرلەرنى يوقلاپ، ئۇلارغا ژۇرنال خىزمىتى ھەققىدە تەكلىپ - مەسلىھەتلەرنى بەرمەكتە.

ئەنۋەر ئابلىمىت، ئوبۇلقاسىم مەتنىيازلار فوتوسى.

# يېڭى قاشتېشى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

1
1998

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەھرىر ھەيئەتلىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا
مەتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم
ئابدۇراخمان، روزى سايىت.

ئون توققۇزىنچى يىل نەشرى
(ئومۇمىي 99 - سان)

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىككى ھېكايە | (ھېكايە) | ماخمۇت سىدىق | 10 |
| ئەرمىدۇن دەرىخى تۈۋىدە | ( 〃 〃 ) | مەلىكە مەتتىمىن | 16 |
| تېرەكلىك يول | ( 〃 〃 ) | ئەسقەرجان ئەزىزى | 26 |
| تاكىلىق كۆتكۈچى | ( 〃 〃 ) | ھۈسەيىن ئەسئەت | 33 |
| گەپ يۈزدە ياخشى | ( 〃 〃 ) | ئەكبەر ئۆمەر | 36 |
| نەسرلەر | ( نەسر ) | ئادالەت ئابدۇرېھىم | 38 |
| دېھقان، قىز، قۇم | ( 〃 〃 ) | ئەنۋەر توختى | 39 |
| مۇھەببەت ئىلاھى | (ھېكايە) | گۈلجامال تاشتۆمۈر | 51 |
| ماگىزىندىكى كومېدىيە | ( 〃 〃 ) | سىدىق قاۋۇز | 68 |
| كاككۇك كۆلى | ( 〃 〃 ) | ئا. ناسىر يۈنۈس (ياۋايى) | 75 |
| ۋالاقتەگكۈر | ( 〃 〃 ) | ئەنۋەر تۇردىئاۋۇت (ھەمدەم) | 81 |


## شېئىرلار


| | | | |
|---|---|---|---|
| مېۋىلەرنىڭ نەزمە باياني | (شېئىر) | ئابدۇغېنى سىيىت | 1 |
| شېئىرلار | ( 〃 〃 ) | ئەنۋەر ھىدايەت | 5 |
| ھەر جىلۋەڭدىن كۆكلەر يېڭى تاڭ | ( 〃 〃 ) | بېشارەت ھۈسىيىن | 6 |
| شېئىرلار | ( 〃 〃 ) | ئەرشىدىن راشىدىن | 8 |
| سەن يوقىدىڭ، يوقىدىم ھەم مەن | ( 〃 〃 ) | ئوسمانجان قۇربانىياز | 9 |
| باشلانغۇچ مەكتەپ | ( 〃 〃 ) | مۇھەممەتتۇرزى ئابدۇقادىر | 9 |
| شېئىرلار | ( 〃 〃 ) | غوجىئابدۇللا ناسىر | 42 |
| ئىككى شېئىر | ( 〃 〃 ) | مۇھەممەت تەشنائى | 44 |
| قاراقاش سىزىملىرى | ( 〃 〃 ) | ئابلىمىت سەمەت | 45 |
| شېئىرلار | ( 〃 〃 ) | مۇھەممەتجان ئىسمايىل (پۇناقى) | 46 |
| ئاتا - ئانا بىز ئۈچۈن قۇياش | ( 〃 〃 ) | مامۇت ئۆمەر | 48 |
| شېئىرلار | ( 〃 〃 ) | قەدىردىن قادىر | 48 |
| قاشتېشى | ( 〃 〃 ) | مۇنەۋۋەر قۇربان | 49 |
| ئىككى شېئىر | ( 〃 〃 ) | ئابدۇمىجىت دولانى | 50 |
| سەھرا بالىسى | ( 〃 〃 ) | گۈلجاھان مەتنىياز | 93 |
| ئىككى شېئىر | ( 〃 〃 ) | مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۈۋچى) | 93 |


## ماقالىلەر


| | | |
|---|---|---|
| قىسقا ھېكايىلەرنىڭ جەلپكارلىقى | جاسارەت جاپپار | 40 |
| زىمىستاندىكى قۇش | يۈسۈپ ھۆسەيىن | 84 |
| بىز شېئىرسىراۋاتىمىز | ھاياتنوپۇس مۇھەممەت | 94 |


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


| | | |
|---|---|---|
| مۇھەببەت قوشاقلىرى | توپلاپ رەتلىگۈچى: ياسىن ھېيت | 90 |


---


مۇھەررىرلەر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، مەتسېلىم مەتقاسىم.
مۇقاۋىدا: باھار تەنتەنىسى ئابدۇللا ئۆمەر فوتوسى.
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت، مۇقاۋا لاھىيىلىگۈچى: ئابدۇغېنىجان نىياز.
قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان.

شېئىرىيەت گۈلزارى

ئابدۇغېنى سېيىت

# مېۋىلەرنىڭ نەزمە بايانى

### مۇقەددىمە

مېۋىلەر جەم بولۇشتى قۇردى بەزمە،
قىلىشتى ئۆز تۆھپىسىن بايان - نەزمە.
ماختىنىپ كۆتۈرۈشتى ئۆزىنى كۆككە،
ئاڭلاڭلار كىم مۇناسىپ بۈيۈكلۈككە.

### 1. ئۈجمە

ئاۋۋىلى باش تومۇزدا ئۈجمە پىشتى،
ئىرغاتىپ، گاھ شامالدا يەرگە چۈشتى.
دېيىشتى ھەممە ئۇنى خوپ يېگى ئاش،
يېيىشتى شاختىن ئېگىپ قېرى ھەم ياش.
دېدى ئۇ: بەش خىلىم بار تەمى باشقا،
ئۇزۇقلۇق، شىپالىق مەن ئاغرىق باشقا.
ئاۋۋىلى پىشقىنىمدۇر قارا ئۈجمە،
تۇرىمەن شاختا قارا تۇگمە - تۇگمە.
بارمايمەن ھېچ كىمنى مەن ئۆيگە چىللاپ،
يېيىشەر «يېگى ئاش» دەپ كېلىپ خىللاپ.
شىپا مەن باش ئاغرىققا، سوغۇق يەلگە،
ئىسسىقا، دەم سىقىلىش ھەم يۆتەلگە.
ئىككىنچى خىلىم باركى ئاق ئۈجمە، دەپ،
نە - نەدىن ئىزدەپ كېلىپ كېتىشەر يەپ.
يەل قاچۇر پۇدىمەي جىق يەپ قالسىڭىز،
كارىم يوق ئىزادا «ئىم» دەپ قالسىڭىز.
جەلپ قىلىپ قىز - چوكان، نى ئەزىمەتنى،
داۋالاي ئىشتىھاسىزلىق قەۋزىيەتنى.
ئۈچىنچى خىلىم شاتۇت ئاتىغىنىغا،
داۋادۇر شاھقا، بايغا ھەم گاداغا.
تۆتىنچى خىلىم چېقىر، رەڭگىم تاغىل،
تەمىمۇ سەل ئۆزگىچە يېگەندە بىل.
بەشىنچى خىلىم خەشەك مېۋىسى يوق،
ساپلىنار پالتا، كەتمەن مەندىن تولۇق.
ياپرىقىم بولۇر پىلە شايى، دۇردۇن،
توىلۇق مەن ئەرگە تەگسە بارچە خوتۇن.
كىيىملەر پەخرى شاھى دۇخاۋا، ئەتلەس،
ھېچبىرى جۇلالاشتا ماڭا يەتمەس.
ئىشلىنەر ياغىچىمدىن راۋاب، دۇتار،
خۇش ئاھاڭ - مۇڭى پەيزى دىلنى ئۇتار.
ئىشلەنگەن قوۋزىقىمدىن خوتەن قەغەز،
يېزىلغان ئاڭا تارىخ، تۆھپە - پەرەز.
يېزىلغان تالاي شائىر دىۋانلىرى،
ئەل - يۇرتنىڭ نامە، جاكار، پىلانلىرى.
ئويلاڭلار، قاي مېۋىنىڭ تۆھپىسى كۆپ،
كۆرەيلى نەق مەيداندا پاكىت قويۇپ.

### 2. گىلاس

ئالدىراپ چىققتى گىلاس سۆزگە شۇئان،
ئاڭلاڭلار، مەن تەۋسىپىم ئەيلەي بايان.
پىشىمەن ئۈجمىدىن كېيىن باش يازدىلا،
جۇلالاپ قىزىل ياقۇت ئەلپازىدا.
باغۇنىم پەمى بىلەن ئۇزەر ئاسراپ،
قاچىلار سېۋەت ئەمەس، تاۋاق راسلاپ.
بىلمەسلەر دەيدۇ مېنى مارجان، لەئلى،
تالىشىپ يەيدۇ بالىلار، بازار ئەھلى.

ئۆزلۈكتا مەندىن ئاشار قاي مېۋە بار،
يوق مەندە شوپۇ، قۇرت، مەن بىغۇبار.

### 3. ئۆرۈك

ئۆتتى ۋاقىت، ئوتتۇرا يازدا ئۆرۈك پىشتى،
ياش - قېرى زوقى بىلەن كۆز سېلىشتى.
ئۇ، قىلىپ ئۆتتى مۇنداق نەزمە بايان،
ئۆزۈقلۇق، قۇۋۋەتلىكىم ئەلگە ئايان.
مېنى دەر ھەممە ياخشى مېۋە - ئۆرۈك،
گويا شاھ قولىدىكى ئالتۇن ئۆزۈك.
غورامنى ئاشقا سالۇر ئاي جوۋانلار،
سۆيگۈگە شاھىت قىلار شوخ چوكانلار.
يەيدۇلەر خىللاپ ساناپ ئەتىۋارلاپ،
بەھۇزۇر سېۋەت باشتا لەۋنى يالاپ.
بىرىنچى خىلىمدۇركى ياغلىق خوندەك،
پىشار قاي مېۋە ياز باشىدا مەندەك.
قەھرىۋا رەڭگىم گوياكى ئالتۇندەك،
تەمىمنى تېتىساڭ لەزىز مەن قەندەك.
ئىككىنچى خىلىمدۇر سەر خىل ئاقياغلىق،
مېنى يەيدۇ تالىشىپ ئۆلكە يۇ - تاغلىق.
ئۈچىنچى خىلىمدۇر ياغلىق خۇۋانە،
ئۆرۈكلەر ئىچىدە داڭلىق يېگانە.
مېغىزلىق، قۇۋۋەتلىك، يېلىم سەل يامان،
پەخەس بول، سورۇندا، قويماسمەن ئامان.
تۆتىنچى خىلىمدۇر بەرنا تۆلەستان،
مەن بار جاي - سورۇنلار بولۇر گۈلىستان.
مېنى سەل ئازراق يەڭ قورساق ئېسۇرمەن،
كىم مېنى جىق يېدى ئاسان بىلۇرمەن.
بەشىنچى خىلىمنىڭ نامى قارا ئۆرۈك،
ئوڭشىلار ئىستىمادىن قاپاقى تورۈك.

### 4. شاپتۇل

ۋاقىت ئۆتتى، ئۆرۈك گەپنى توگەتتى،
نۆۋەت شاخ مانتۇسى شاپتۇلغا يەتتى.
مېنىڭ دەسلەپ پىشار خىلىمدۇر تەكە،
شاپتۇللار ئىچىدە ئۇ بەكمۇ ئەركە.
شېخىمنى چاتىسۇن پات - پاتلا كەكە،
يارايمەن شۇندا مەن ھەركىمگە، بەگكە.
ئىككىنچى خىلىمدۇر مىياڭسال - ياما،
يەۋالغىن شوپۇلاپ، ھەسرەتتە قالما.
ئۈچىنچى خىلىمدۇر ئەش، ياما تاغاچ،
تەمىمنى تېتىڭلار مونەك، قاق سالغاچ.
تۆتىنچى خىلىمدۇر كۈزدە پىشار ئەش،
بىر كويغا بېرۇرلەر ئالتە ۋە يا بەش.
ئائىلەم ئەزاسى ئەتىۋار بادام،
باش ئاغرىق، سەۋدا دەر شىپالىق دورام.
ھەممىلا خىللىرىم شەربەتلىك تاتلىق.
تويۇلماس ھېچ مېۋە ماڭا زىت - ياتلىق.

### 5. ئەنجۈر

چىقتى شۇ سورۇنغا ئەنجۈر سارغىيىپ،
تۇرمايلا نۆۋەتنى گەپتە تارتىنىپ.
مەن يىلدا ئۈچ قېتىم مېۋە بېرىمەن،
شۇ ۋەجى باغلارنىڭ تۆرىدە تۇرىمەن.
ئەجەبا، مېۋەمنى كاچاتلاپ يەيدۇ،
ئاڭلىسام جازايىڭ - تارتقۇلۇق، دەيدۇ.
گۇناھىم جەننەتتە ئادەم، ھاۋاغا،
دال بولغان قالغاندا دەردۇ - بالاغا.
ھە، شۇڭا مەندە گۈل - چېچەك جۇلا يوق،
بۇ ۋەجى ئانچە غەم، جىق غۇلغۇلا يوق.
تېپىلار مەندىكى تەم قاي مېۋىدىن،
كىم يېسە شەربىتىم كەتمەس لېۋىدىن.
مېۋەم ھەم ياپرىقىم ئوخشاشلا دورا،
گەر ئالساڭ قاتمۇ قات ياپراقتا ئورا.
مېۋەمدىن بەس - بەستە مۇرابىا سالۇر،
كىم ئۇنى يېمىدى ھەسرەتتە قالۇر.

### 6. ئەينۇلا

سۆز ئالدى سورۇندىن شۇئان ئەينۇلا،
دېدى: بەك مەنمەنلىك قىلماڭلار تولا.
نېمە گەپ، ئۆزۈڭلارنى بىلىپ قويماي،
مېنىمۇ كۆزۈڭلەرگە ئىلىپ قويماي.

دېيىشكەن گېپىڭلارنى تۇردۇم ئاڭلاپ،
ئۆتتۇڭلار ئۆزۈڭلىنى ماختاپ، داڭلاپ.
مېنىڭمۇ سوزۇك ھۆسن - جامالىم بار،
گال ئاغرىق، ئىسسىقاغا ئامالىم بار.
بىمارغا ئارام بەرمەك مۇددىئايىم،
بەك شىپا شۇڭا شەربەت، مۇرابباييم.
بىمارلار سوراپ مېنى يادلىشىدۇ،
تېۋىپلار ئەتىۋارلاپ ساقلىشىدۇ.
شۇ ۋەجى مەن ئەمەسمەن ئانچە چەتتە،
بولمامدۇ تۇرسام مەنمۇ ئالدى رەتتە.

## ئالما

چىقتى - دە، سورۇنغا ئالما قىزىرىپ،
ۋاقتىنى ئەپ بىلىپ تۇرماي بېزىرىپ.
مېنىڭ نامىم تولا، بىر - بىرىدىن ئۆز،
ساقلىشار قىش كېتىپ كەلگىچە تومۇز.
بىرىنچى خىلىمدۇر غەزمەت، سۈت ئالما،
خالايىق يەۋالغىن، ھەسرەتتە قالما.
قىزىلىم «سەمەرخان ئالمىسى» دەرلەر،
قەدىرلەپ قىزلارغا تۇتۇشار ئەرلەر.
ھەسەلدەك تەمى بار نوسخام ئاق ئالما،
مېنى سويماي، يۇماي چىشلەپمۇ سالما.
ئۈتىنچى خىلىمنىڭ نامى مۇز ئالما،
سەۋرىقىل، ئەتىياز كەلمەي يەۋالما.

## 8. ئۆزۈم

تاقىتى تاق بولۇپ سۆزلىدى ئۆزۈم،
بار ھەقنى - ناھەقنى كۆرگىلى كۆزۈم.
دېدى ئۇ: سۆزلەڭلەر كىم مەندەك سەرخىل،
دەپ كەلسەم خىسلىتىم تولا - نەچچە خىل.
دەسلەپتە پىشقىنىم چىلگە ئۆزۈم دەر،
بەس - بەستە ئالۇشۇر مېنى ئايال - ئەر.
ئىككىنچى خىلىم بار قىزىل ئۆزۈم دەپ،
مېھمانغا، مەزىگە يارىشىمەن زەپ.
ئۈنىڭدا سالۇرلەر مەيزاپ، مۇسەللەس،
ئىچكەنلەر بولىدۇ غەرق مەست - ئەلەس.
ئۈچىنچى خىلىمنى ئاتايدۇ سەرۋە،
بەك چۈرۈك، يېيىشلىك تامشىيدۇ لەۋلەر.
تۆتىنچى خىلىمنى كۆك ئۆزۈم دەرلەر،
كىم قوقاق بوپ قالسا ئىزدىشىپ يەرلەر.
بەشىنچى خىلىمنىڭ ئاتى مۇناقا،
بودەكمەن، شىپالىق ئىسسىما قوقاققا.
مېنى مەيلى ھۆل يە، مەيلى قۇرۇتۇپ،
تاۋۇقنى ئۆستۇرەي، يۈزۈڭ يورۇتۇپ.

## 9. ئانار

ئانار سۆز باشلىدى چاك - چاك ئېتىلىپ،
چاۋاكلار جور بولدى ئاڭا قېتىلىپ.
مەنمۇ بىر گەپ قىلىپ ئۆتەي سورۇندا،
تەۋسىيەم، داڭقىم بار ھەممە ئورۇندا.
چاپىنىم شەلپەردەك قىزىل تاۋلىنار،
مەنسىز كىم مېۋىگە رەئىس سايلىنار.
بەدىنى ئوتقاشكى چېچەكىم - گۈلۈم،
بۇ ئۆزلۈق ئەزەلدىن ماڭا خاس ئۇدۇم.
قىزىل لەئلى ئۆزى مېۋەم دانىسى،
بىلسەڭلار مەن باغنىڭ چىراغ - پانۇسى.
شەربىتىم شىپالىق تولا كېسەلگە،
پاھ، تەمىم چەك قويار بەلكى ھەسەلگە.
قىسىدۇ چېكىسىگە گۈلۈمنى قىزلار،
يىگىتلەر قەلبىگە ئوت سېلىپ تېزلا.
قىزلارغا قويۇشار «ئانار گۈل» دەپ ئات،
ماڭا زوقى كېلىپ دىلىدا قات - قات.

## 10. چىلان

شۇ ئان مۇنبەردە چىلان باشلىدى گەپ،
دېدى: پو ئاتتىڭلار ئۇيالماي زەپ.
مېنىڭ تەمىم ئۆزگە شېرىن، بەك شېرىن،
بەس، سىلەر ئاتقان لاپ - پولار بىر تىيىن.
شىپالىق بابىدا ماختانسام مەن ھەق،
كىم يېسە تۆت - بەش تال مەنپەئىتىم نەق.
سۇيۇلدۇرۇش خىسلىتىم بار قويۇق قاننى،
تەرلىتىپ قوتقۇزىمەن بىمار - جاننى.

## 11. نەشپۈت - ئامۇت.

ھە، نۆۋەت يەتتى نەشپۈت، ئامۇتقىمۇ،
يارايمىز پاشاخانغا، داۋۇتقىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

دېدى: كىم بىزدىن ئېشىپ چۈشكىدەك بار،
بولماڭلار تولا تېجىمەل، ئىچىڭلار تار.
ئايانغۇ بىزنىڭ شېرىن شەربىتىمىز،
توي - تۆكۈن، ھېيت - ئايەمدە ھۆرمىتىمىز.
شۇ ۋەجى تىزۇر بىزنى تەخسە - تەخسە،
بېرىمىز ئارام كىمگە چاڭقاق يەتسە.
بازاردا، باغدا مېۋە بەرناسى بىز،
ئۈزلۈقتا داغسىز، سۈزۈك رەناسى بىز.
بەزىلەر بىلمەيدۇ تەم، پەرقىمىزنى،
كۆرىدۇ قىممەت باھا - نەرخىمىزنى.
ياغىچىمىزدىن تامغا، مۆھۆر ئويۇپ خانلار،
يۇرت سوراپ كەلدى تالاي يىل، زامانلار.
ئىش قىلىپ بىز، سىلەردىن قېلىشمايمىز،
چىشلىشىپ قويرۇق تولا تالاشمايمىز.

## 12. ياڭاق

ياڭاقمۇ تورۇكشىپ گەپ باشلاپ كەتتى،
ئاڭلاڭلار، ئەمدى نۆۋەت ماڭا يەتتى،
ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى ماختاشتىڭلار،
چىلاقتەك شاختىن - شاخقا ئاتلاشتىڭلار.
مەنمۇ بىر گەپ قىستۇراي بۇ سورۇنغا،
قاي مېۋە چىقىش لازىم باش ئورۇنغا.
مەن باغلار شاھى ئېگىز، نامىم ياڭاق،
شاكىلىم شۇنچە قاتتىق تاراق - تاراق.
چېقىلىمەن كەكە، تاشتا كۈچەپ ئۇرسا،
تىزىلىمەن تەخسىگە كىم بەزمە قۇرسا.
چاي سۈتلەپ يەيدۇ مېنى ناشتىلىقتا،
كۆڭۈللەر ئەلچىسى مەن ئاشنالىقتا.
ئوزۇقلۇق ھەم مايلىق مەن قىممىتىم بار.
داستىخان ئۆزرە يۈزۈم، ھۆرمىتىم بار.
مېغىزىم ھەممىڭلاردىن سېرە - چوڭدۇر،
شۇ ۋەجى سودىلىقتا ئىشىم ئوڭدۇر.
بىر كويغا بېرۇر ئاران سەككىز - ئوندىن،
خېرىدارلار ئېلىۋالار توسۇپ يولدىن.
ئاقارماس چېچى مېنى جىق يېگەننىڭ.
جايىدا بولغىنى خوپ، گەپ دېگەننىڭ .

## 13. بېھى

دۈگدىيىپ سۆزگە چىقتى شۇئان بېھە،
ئۈستىدە سېغىز رەڭلىك تۈكلۈك تېرە.
مەن بېرىپ ماختاشلارغا بەس، تەنبىھىيە،
ئۆزۈمگە ئوقۇپ ئۆتەي بىر مەدھىيە.
كەچ كۈزدە ئۈزۈۋالار مېنى شاختىن،
يېيەلمەس ئايرىلسام كىم ئوت، پىچاقتىن.
راست، مېنى تەبىئىتى ئىسسىق دەيدۇ،
يۆتەلگەن قوقاس - ئوتقا كۆمۈپ يەيدۇ.
خۇش پۇراق بېغىشلايمەن ئۆي - قورۇغا،
بېسىشار شاھى سۇلتان ئاش - پولۇغا.
راستمىكەن؟ مەنمۇ خېلى ئەتىۋارلىق،
رېتسېپىم بار تېۋپتا پەتىۋالىق.

## 14. جىگدە

ئاخىرى چىقتى جىگدە گەپ قىلغىلى،
ئۆزىنى مېۋە ئارا سەپ قىلغىلى.
مېنىڭمۇ تۈرلىرىم بار بىر نەچچە خىل،
بالىلار سويۇپ يېسە قورۇيمەن تىل.
ئاق جىگدە، قاغا جىگدە، ئاش جىگدە دەپ،
نامىم بار، مەندىن خەق جىق ئالىدۇ نەپ.
سېلىشىپ ئۇماچ ئاشقا شۇمۇپ يەيدۇ،
كېكىرىشىپ دۇئا قىلىپ «شۈكرى» دەيدۇ.
ساقلايدۇ شەربىتىمگە خەق ئىشتىھا.
بىلەمسىلەر، مېنىڭ رولۇم جىق ئىشتا بار.
بوردايدۇ مەندە يەنە كالا ھەم قوي،
گۆشىدە قىز - يىگىتلەر ئوينايدۇ توي.
ئوتۇنۇم كۈچلۈك، چوغۇم ھارارەتلىك،
قىلماڭلار مېنى سۆكۈپ ھاماقەتلىك.
دېدى ئۇ بولۇپ تىت - تىت، بەك بىئارام،
ئاڭلىدى بۇ سۆھبەتنى بار خاسۇ - ئام.
مېۋىلەر ئۆز گېپىنى ئويلاپ كەتتى،
ئىناقلىق قەدرىگە ئاھ ، تازا يەتتى.
تۆھپىنى دېدى، سۆكمەي ئەيىبىنى،
بەرمىدى ئۇناق، بۇنىڭ ئەدىبىنى.
بىر باغدا دوست ئۆتۈشكە قول قېقىشتى،
ئاخىرى ئىناقلىققا يول تېپىشتى.
كىتابخان سىزگە قالدى ئۇشبۇ نەزمە،
قىزىغاي ئوقۇپ، ئاڭلاپ كۈلكە، بەزمە.
مېۋىلەر بەزمىسىگە شاد، مۆھتەرەم،
شاھىتى كاتىپ غېنى تارتتى قەلەم.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئەنۋەر ھىدايەت

# شېئىرلار

## تېپىرلايدۇ يۈرىكىم سېغىنىش ۋە ئازابتا

1

ۋىسال قۇچۇپ سۆيۈشتۇق نىگار،
ئۇچرىغاندەك بىزگە تۆت قولاق.
كۆكتە قۇياش باققاندا كۈلۈپ،
سۆيگۈمىزدىن ئوقچىدى بۇلاق.

قىسىپ قويسام چېكەڭگە گۈلنى،
كەڭ ۋادىنى قاپلىدى پۇراق.
ھاردۇق يېتىپ قالمايتتى ئەجەب،
سەپىرىمىز بولسىمۇ ئۇزاق.

ئازدۇردىمۇ شەيتان ئاخىرى،
بەخت بىزگە ئاچقاندا قۇچاق؟
قىسمەت شۇنداق كەلدىمۇ تەتۈر،
ئاھ، بېشىمدا ساناقسىز ئوچاق.

2

ئايرىلغاندا يارىم سېنىڭدىن،
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىدى پىراق.
پىلىكى ھەم يېغى بولسىمۇ،
ئوت ياقسامۇ كۆيمىدى چىراق.

يېقىنلاشماي ئوتتۇزغا تېخى،
كۆزلىرىمنى باستىغۇ چاپاق.
كاۋا تىكسەم ھويلامغا، ئەجەب –
كوز بولغاندا چۈشتىغۇ قاپاق.

تاپالماستىن ئۆزۈمنى بۈگۈن،
چىغىر يولدا قالدىمغۇ ياياق.
تېپىرلايدۇ ھالسىز يۈرىكىم،
ئاھ، بىلسىڭىز ھالىم بەك چاتاق.

3

تەلمۈرگەندەك بوۋاق ئانىغا،
قۇياش بىلىپ تېۋىنسام ساڭا.
ئۆچۈپ قالغان كارىۋان ئوتىدەك.
ھارارەتمۇ بەرمىدىڭ ماڭا.

ئاي شارىغا بارغان كىشىمۇ،
ئۇزاق تۇرماي كېلەركەن يېنىپ.
سۆيگۈمىزنى ئوراپ كېپەنگە،
سەن مېنىڭدىن كەتتىڭمۇ تېنىپ؟

## مۇبارەك ئەي قىزىم تۇغۇلغان كۈنۈڭ

مۇبارەك ئەي قىزىم تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
پارلىسۇن چېھرىڭدە قۇياش جىلۋىسى.
چولپانغا تەبەسسۇم قىلساڭ ناۋادا،
قاپلىسۇن زېمىننى بەخت كۈلكىسى.

مۇبارەك ئەي قىزىم تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
«كەل» دېسەڭ تولۇن ئاي كەلسۇن قېشىڭغا.
ئاڭلانسا چاقىرغان ئاۋازىڭ، شۇ دەم-
باغدىكى قۇشلارمۇ قونسۇن بېشىڭغا.

مۇبارەك ئەي قىزىم تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
سىلىغاي بېشىڭنى خىزىر بوۋاممۇ.
ئاجايىپ شادلىققا ئوراپ جاھاننى،
گۈل تۇتۇپ كېلىدۇ ئاق چاچ موماممۇ.

مۇبارەك ئەي قىزىم تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
ھىلال ئاي داڭ قالسۇن سېنى بىر كۆرۈپ.
پاك گۈل سەن، يۇقتۇرماي خىسلىتىڭگەچاڭ،
ياشىغىن چىن ھايات پەيزىنى سۈرۈپ.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

www.Uyghurkitap.com

بېشارەت ھۆسىيىن

# ھەر جىلۋەڭدىن كۆكلەر يېڭى تاڭ

## سۈكۈت ئاخشىمى

قارىياغاچنىڭ ياپراقلىرىدا،
ئېغىر ـ ئېغىر تىنىقلىرىڭ بار.
ئېمىزگىڭدىن ئۇدۇم بوپ قالغان،
ئەجەب نازلىق قىلىقلىرىڭ بار.

قۇلىقىمدا تىنىقىڭ ئەكسى،
لېۋىم ئارا ئېسەدىشىڭ بار.
دەرخ، ئاخشام ئېيتقان ناخشاڭدىن،
كۆرۈپ قالدىم ئۆزۈم ئۈچۈن دار.

1

قېنى ئاشۇ سۆيۈملۈك ئورمان،
بىزلەر ئۈچۈن كونا پاناھ جاي؟
قېنى ئورتاق ئېيتقان ناخشىمىز،
سۆيگۈمىزنىڭ گۇۋاھى گىتار؟

قېنى ئورتاق بەخت توغرۇلۇق،
بەرگەن ۋەدەڭ، ئېغىز يۇمۇلماي؟
دەستە ـ دەستە نۇرلىرى بىلەن،
ئىككىمىزنى قۇتلىغان كۈن، ئاي؟

قېنى بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز،
شوخ ھەم ئوماق ناۋاچى قۇشلار؟
قېنى سۆيۈش، غىدىقلاش بىلەن،
( ئاھ، بەكتاتلىق، دىلنى ئۆتۈشلار؟ )

قېنى شۇنچە ئەجىر سىڭدۈرۈپ،
ياساپ چىققان تويلۇق ئۆيىمىز؟
قېنى نىكاھ، قېنى كۆچۈرگە،
قېنى. . . ، قېنى شېرىن ئېيىمىز؟

2

دېرىزەمدە تۈنەر قار گۈلى،
يۈرىكىمگە ھۆكۈمران تومۇز.
ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان شام،
كۆرۈنمەيدۇ ئاسماندا يۇلتۇز.

ياتاق سوغۇق، كارىۋىتىم سوغۇق،
(پولمۇ ھەتتا تۈتقان كۆپكۆك مۇز)
مۇز ئۈستىگە چازانى قۇرۇپ،
قىرغىز دوستۇم چالىدۇ قومۇز.

قىرغىز دوستۇم چالىدۇ قومۇز،
ناخشىسىنى ئېيتىمەن ئۈنسىز.
گۇگۇم بىزگە ئورتاق يېپىنچا،
ئىككى جۈپ كۆز شۇنچىلا گۈنسىز.

روھ ناخشىسى ئۆكسىگەن جايدىن،
ئۆچۈپ چىقتى بوگۈن قېقنۇس.
چۈشلىرىڭدىن ئىزدەپ نىجاتلىق،
كۆزلىرىمدە مۇز تۈتتى ئەپسۇس.

قولۇمدىكى سۆيۈملۈك رومكا،
كۆي تۆكىدۇ يېڭى بىر ئۈندە.
كونۇسىسمان قەلبىم بۇلىقى،
گۈلزارىڭنى سەيلىتەر كۈندە.

× ×

ھەر جىلۋەڭدىن كۆكلەر يېڭى تاڭ،
كۆلكەڭ بىلەن پاكلىنار دۇنيا.
سۇنۇپ بەرگىن نۇرلار دەستىسى،
بۇ ھاياتتا چاقنىسۇن زىيا.

## مەن تۇرغان يەر - تاغلىق بىر كەنت

(ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە)

چۈشۈڭلارغا كىرەمدۇ سەھرا،
كۆكرىكىگە تېڭىپ قۇياشنى.
قارا قۇمچاق، توپارەڭ بالا،
دۈپدۈگىلەك سىزىپ ۋىناسنى.

1

مەن تۇرغان يەر - تاغلىق بىر كەنت،
خەرىتىگە ئىسمى چۈشمىگەن.
تارىخىدا پوچتىكەش بوۋاي،
بىر قېتىممۇ يوقلاپ ئۆتمىگەن.

يوق بۇ يەردە ئاسفالت يوللار،
يوق بۇ يەردە زاۋۇت تۇرخۇنى،
كاتاڭ يولدا توپاق ھارۋىسى،
ئۆتنە ئېلىپ شەھەردىن ھارغىن -
باشلاپ كېلەر تاڭنى - بۈگۈننى.

سىنىپلىرى ئەمەس ئازادە،
بور دېگەننى بىلمەس باللار.
سىغدۇرالماي تۆت - بەشتىن جاننى،
ئاللىقاچان ھالىدىن كېتىپ -
مۇكچىيىپلا قالغان پارتىلار.

2

مەن تۇرغان يەر تاغلىق بىر كەنت،
باھار كېلەر دائىم كېچىكىپ.
ئاچچىق سوغۇق، ئۆتەر پۈتۈن قىش،
ئېدىرلاردا بوران ھۇشقۇيتۇپ.

ئىسسىتىلماس پاردا سىنىپلار،
بەك قىممەتكە توختار يېقىلغۇ.
ئوتۇن پۇلى يېتىشمىدى - ھەي!،
تېزەك قالاپ ئۆتەر بۇ قىشمۇ.

3

مەن تۇرغان يەر-تاغلىق بىر كەنت،
ئادەملىرى چېچىلغاق، سەپرا.
ھېس قىلىدۇ مەكتەپ دېگەننى،
جان ئالغۇچى يۇقۇملۇق ۋابا.

كۆن ئۆتىدۇ بىزنىڭ بۇ يەردە،
تويۇپ نەچچە مۇئەللىملىككە.
دەرس تاشلاپ قاچقان بالىنىڭ،
كۆندە نەچچە قاتراپ ئۆيىگە.

× ×

چۈشۈڭلارغا كىرەمدۇ سەھرا،
كۆكرىكىگە تېڭىپ قۇياشنى.
قارا قۇمچاق، توپارەڭ بالا،
دۈپدۈگىلەك سىزىپ ۋىناسنى.

يادلىنامدۇ ئىسمىم بىرەر رەت،
قەلبىڭلارنىڭ بۇرجەكلىرىدە.
ئۇنتۇمايمەن سىلەرنى ئەبەد،
غېرىبانە تاغلىق كەنتتە.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ئەرشىدىن راشىدىن

# شېئىرلار

## مەن خاتا ئوقۇلغان كىتاب

مەن بىر خاتا ئوقۇلغان كىتاب،
نامە يازدىم ئۆزۈمگە ئاتاپ.
ئەمدى خاتا ئوقۇۋەرمە دەپ،
كىملەرگىدۇ ئەيلىدىم خىتاب.

* *

بىراۋلارغا بولمىدىم سايە،
يېتەكچىمدۇر ئۇلۇغۋار غايە.
بار ئۆزۈمنىڭ ياشاش رىسالەم،
قىلىتىپ كەلدىم ئاڭا رىئايە.

دەۋرگە يات قىلىقلىرىم يوق،
ئاۋامغا يوك ـ سىلىقلىرىم يوق.
ئەل كۈلگەندە كۈلىمەن بىللە،
پىنھان «ۋىلىق ـ ۋىلىق» لىرىم يوق.

غادايغانغا تەزىم ئەتمىدىم،
تەزىمچىنى لازىم ئەتمىدىم.
مۇلايىمغا بولدۇم مۇلايىم،
چوكا مۇزدەك قېتىپ كەتمىدىم.

يوقتۇر خەقكە بوزەك بولغىنىم،
ئايغىدا پېتەك بولغىنىم.
زوغۇيلارغا تەگدىم ئوق بولۇپ،
يوقتۇر ئوقسىز مىشەك بولغىنىم.

هارام نەپكە بېرىلگىنىم يوق،
تاجىم بار دەپ كېرىلگىنىم يوق.
بىر بوغدايىنى ئارتۇق يېسەملا،
سەمرىگىنىم ـ تىرىلگىنىم يوق.

بولمىدىم هېچ جاپادىن يىراق،
تۇردۇم كەيپ ـ ساپادىن يىراق.
شەرەپ دېدىم ئەلگە ـ ئاۋامغا،
بولمىغىنىم ۋاپادىن يىراق.

نام ـ ئاتاققا قىلمىدىم ھەۋەس،
دەپئى ـ دۇنيا قىلالمىدى مەس.
ھېچ گەپ ئەمەس قولۇم قىسقىلىق،
روھىي بايلىق دېدىم مۇقەددەس.

ئەينەكلەردىن قايتمىدى رايىم،
قاراپ تۇردۇم ئۇنىڭغا دائىم.
يېگەنلىرىم ئاۋامنىڭ غېمى،
ئۆزۈم ئۇچۇن يېمىدىم ۋايىم.

كۆمۈلدۈم مەن تاپا ـ تەنىگە،
تەنە ئىگە مۇنداق مەنىگە:
كېلەركەندۇق بايلىق، مەرتىۋە،
ۋىجدانىمنى قويسام رەنىگە.

* *

ياشاپ كەلدىم شامالغا باقماي،
يەكلەشلەرگە، قامالغا باقماي.
يەگادىمەن، ئۆتمىدىم تۆرگە،
ئېقىش تاپقان «ئامال» غا باقماي.

قوشۇقۇمغا لاپنى قاتمىدىم،
زەي سالماستىن پاختا ئاتمىدىم.
تەرلىمىدىم ئۆزگە جۇۋىدا،
نەپنى كۆزلەپ ۋىجدان ساتمىدىم.

ھىمات ئىزدەپ تۆرگە چاپمىدىم،
نائەھلىگە چاپان ياپمىدىم.
سالالمىدى جىنلار ئوسسۇلغا،
سىرتماقلارغا بويۇن ساپمىدىم.

ئۇستازىم يوق ئۇستا تۈلكىدىن،
يۈزۈم خالىي ساختا كۈلكىدىن.

پاك، دۇرۇسلۇق مىزانىم مېنىڭ،
كىر تېپىلماس كۆڭلۈم مۇلكىدىن.
* * *
كېچىپ «مەن» دىن، بولسام شام-چىراغ،
تۆھمەتلەردىن بولمىدىم يىراق.
ھېچكىشىگە قىلمىدىم ھەسەت،
قۇربانىمەن ھەسەتنىڭ بىراق.

گەر ئېغىزىم تەگسىلا ئاشقا،
بۇرنۇم تېگەر شۇ ھامان تاشقا.
ئۇركىتىدۇ بىرى ھايالسىز،
ئامەت قۇشى كۆز تىكسە باشقا.

ئاللىكىملەر يامان دەر مېنى،
بۇغداي ئەمەس سامان دەر مېنى.
كۆن كۆرمىسە، چەكسە رىيازەت،
بولمىسىكەن ئامان دەر مېنى.

قۇتۇلمىدىم تۇزاقتىن ئۇزاق،
بىراق ئۆزۈم قۇرمىدىم تۇزاق.
كەڭرى تۇتتۇم كۆڭۈل - كۆكسۈمنى،
تىلىمىدىم ئۆزگىگە دوزاق.
* * *
كۇلەتتىم ئەل شائىرىم دېسە،
قەلبى قايناق ماھىرىم دېسە.
شېرىن، زۆھرە بىلىپ ئۆزىنى،
مېنى پەرھات، تاھىرىم دېسە.

مۇراد ھەلدۇر قالسا ئىزلىرىم،
يۇمۇلىدۇ شۇندا كۆزلىرىم.
قوشۇلسىمۇ تۇپراققا جىسمىم،
ياد ئەيلىگەي ئوغۇل - قىزلىرىم.

مەن شۇ - خاتا ئوقۇلغان كىتاب،
نامە يازدىم ئۆزۈمگە ئاتاپ.
ئەمدى خاتا ئوقۇۋەرمە دەپ،
كىملەرگىدۇ ئەيلىدىم خىتاب.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئوسمانجان قۇربانىياز

## سەن يوقىدىڭ، يوقىدىم ھەم مەن

شامال كەبى كىردىڭ قەلبىمگە،
جۇل - جۇل تېنىم يىرتىلىرىدىن.
ئۆرتىۋەتتى ئىچىمنى گۈلخان،
ئوت يېقىلغاچ تىنىقلىرىڭدىن.

يۈرىكىمنى تىڭشىدىڭ ئۇزاق،
چۈشلىرىدىن ئويغانماي كېچە.
ئەمما ھېچبىر پۈتكۈزەلمىدىڭ،
سۆيگۈ خېتى روھىڭ ئۈلگىچە.

تۇرالمىدى تەقدىرمۇ كۈتۈپ،
قالدى ئارمان چوكا مۇز باغلاپ.
دېكابىرنىڭ سوغۇق كۈنىدەك،
ئايرىلدۇق بىز يۈرەكنى داغلاپ.

قالدىڭ بەلكىم جەزىرە بولۇپ،
سۈكۈتلەرنىڭ باغرىغا چۆكۈپ.
قۇرىدىم مەن خازانلار كەبى،
سەۋر - تاقەت چېكى بۆسۈلۈپ.

مۇھەممەتتۇرزى ئابدۇقادىر

## باشلانغۇچ مەكتەپ

ئېگىز بىنا يوقتۇر بۇ يەردە،
بىر قەۋەتلىك سىنىپ ھەممىسى.
بەش مۇئەللىم بەش قۇياش بولۇپ،
يورۇتىدۇ سىنىپ ئىچىنى.

سېمونت مەيدان سورىما بۇندا،
يوقتۇر ھەتتا گار ياكى تورنىك.
كىتاب پۈلى ئۈچۈن ئۈستەلدە،
تۇخۇم، قوناق رەتلىك تىزىقلىق.

پەيدا بولار ئايدا - يىلدا بىر،
ئېسىل پىكاپ مەكتەپ ئىچىگە.
نۇر چاچىدۇ باشلانغۇچ مەكتەپ،
كىچىككىنە تاغلىق كەنتكە.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ماخمۇت سىدىق

# ئىككى ھېكايە



ياش يازغۇچى ماخمۇت سىدىق 1964 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چىرا ناھىيە چىرا بازىرى ياربويى كەنتىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزا داكۇي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ھازىر چىرا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ «يولىيورۇق» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن بېرى «ئوغۇز سۈت»، «خانىم نېمىشقا يىغلايسىز؟»، «سەھەر مونولوگلىرى»، «كۈتۈش»، «پارچە ـ پۇرات ئىشلار»، «بۆرە تۇمىقى» قاتارلىق 32 پارچە ھېكايىسى، توققۇز پارچە چۆچىكى، ئالتە پارچە تارىخ ـ تەزكىرىگە، ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىسى رايونىمىز تەۋەسىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ «ئەدەبىيات دەرسىدىن ئومۇمىي تەكرار» ناملىق كىتابىنى نەشرگە تاپشۇردى. تۇنجى ھېكايىلار توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ماخمۇت سىدىقنىڭ ھېكايىلىرى يۇمۇرىستىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، تىلى راۋان، سيۇژىتى ئۆزگىچە، تۇرمۇشقا يېقىن، كىتابخانلارنى جەلپ قىلالايدۇ.

ئۇ، ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، چىرا ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

## بايامقى تۇرمۇش

كىشىلەر سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن يىراق ـ يېقىنلاردىن بۇ بازارغا كېلىدۇ. بولۇپمۇ بازار كۈنىدە بۇ يەر قايناپ كېتىدۇ. ئوتتۇز ـ قىرىق يىللار ئىلگىرى بۇ بازارغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ناگان ـ ناگانلىرى ئات، تۆگە، ئېشەك دېگەندەك «قاتناش قوراللىرى»غا مىنىپ كەلمىسە قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى پىيادە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ كېلىدىكەنمىش. ھازىر بولسا مېتالدىن ياسالغان چوڭ ـ كىچىك قاتناش قوراللىرى يەرنى، ۋەيرانە كۆلبەمنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى تىترىتىپ، ئىشىك ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتقان، بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە تۇتىشىدىغان

ئاسفالت يولدا شىددەت بىلەن چېپىشىپ يۈرۈيدۇ. تەڭ كېچىلەردىمۇ قايناق ھاياجان بىلەن ناخشا توۋلاپ، كۈلكە - چۇقان كۆتۈرۈپ ماڭغان يولۇچىلارنىڭ ئاۋازى، چارپايلارنىڭ ھاڭراش، مۆرەش، كىشنەش، قاۋاش ئاۋازلىرىنىڭ ئورنىنى گۈركىرىگەن ئاۋازلار ئىگىلىدى. بىر-بىرى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ، يۈزنى- يۈزگە يېقىشىپ تۇرۇپ ھال - ئەھۋاللىشىدىغان، ھەتتا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغىلى نۇرغۇن يىللار بولغان بوۋا - مومىلىرىنىڭ چۈشىگە كىرگەن - كىرمىگەنلىكىگە قەدەر سورىشىدىغان، ھال-مۇڭ تۆكۈشۈپ، كالىچىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ يولنىڭ چېتى بىلەن ئالدىرىماي كېتىۋاتقان مويسىپىتلەر بۇ يولدا يىلدىن-يىلغا كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر بازارغا ئەمەس، ئېتىز ئىشلىرىغىمۇ پۇتىغا ئاياغ ساپماي مېڭىش ئەقىلغا سىغمايدۇ.

دېرىزىدىن كىرگەن ئاي نۇرى ئۆي ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇيقۇم قېچىپ تۇرغاچقا نېمە ئۈچۈندۇر مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىپ قالدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەشكە ئوت ياقاي دېدىمىيۇ، يەنە خوتۇن - باللارغا قاراپ قويۇپ ئائىلە خوجايىنلىق ئورنۇمغا تەمەننا قىلىپ ياتقىنىمچە خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم.

ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئايالىم ئاخشامقى گەپنى يەنە تىلغا ئالدى.

— ماقۇل دەپ بىز بىلەن بىرگە بازارغا بارسىلا، بىر ئائىلە ئادەملىرى بىر ئۆيگە پاتقاندىكىن بىر يولغىمۇ پاتارمىز. ھەممىمىز بىرگە بازارغا بېرىپ باقمىغىلى، بىرگە مېڭىپ باقمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ.

ماقۇللۇق جاۋابىمنى ئاڭلاپ باللار خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كېتىشتى. مەن شۇندىلا مۇشۇ كاتەكتەك ئۆيدە، ئىشخانىدا، ئادەمنى ھەر دائىم جىددىيلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ يولدا ناھايىتى كۆپ ۋاقتىمنىڭ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆيۈم بىلەن ئىدارە ئارىلىقىدىكى بۇ يولدا كۈنىگە نەچچە قېتىم قاتناپ ئاشۇ ئالدىراش، جىددىي كېتىۋاتقان قاتناش قۇراللىرىنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ، كۆزلىرىم ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ھاياتىم مۇشۇ بازار ئىچىدە ئۆتسىمۇ مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ بازار ئايلىنىپ، نەرخى - ناۋانى ئۇقۇپ باقمايدىغانلىقىمنى، بۈگۈنكىدەك دەم ئېلىش كۈنلىرىدە خوتۇن-باللارنى ئەگەشتۈرۈپ، قىشتا ئىس - تۈتەك، يازدا سېسىغان، چىرىگەن نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى قاپلاپ تۇرغان بۇ كاتەكنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ سەھراغا چىقىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىدىغان داچىمىز ياكى ئاممىۋى باغچىلار بولمىغاندىكىن مۇشۇ بازارنىمۇ بولسا ئايلىنىپ كەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ھېيتلىق كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىشقا پىلانلىغان پۇلنى ئېلىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ خوتۇن - باللار بىلەن بىرگە بازارغا قاراپ ماڭدۇق. بىر نەچچە مىنۇتتىلا ئاۋات سودا مەركىزىگە يېتىپ كەلدۇق. مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ ئۆزىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئىزدەشكە، كۆرۈشكە، سودىلىشىشقا باشلىدۇق.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. خوتۇن - باللار ئالدىمدا ماڭدۇ، ھېلى ئۇ رەختنى، ھېلى بۇ كىيىمنى تاللايدۇ، سودىلىشىدۇ. مەن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىمەن. بىر ئائىلە كىشىلىرى گەرچە بىرگە كېتىۋاتقان، بىرىمىز تاللىغان نەرسىنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى ھەممىمىز تەڭ باھالاپ، سودىلىشىۋاتقان بولساقمۇ ئەمما ھەر بىرىمىز يەنە ئۆز خىيالىمىز بىلەن بەنت. شۇنچە ئايلىنىپ، كۆرۈپ، تاللاپ كۆڭلۈمدە ئويلىغانغا دەلمۇدەل كېلىدىغان بىر نەرسىنى بۇ قايناق بازاردىن تېپىش تولىمۇ تەس. مۇۋاپىق دەپ قارىغانلىرىڭ يانچۇقتىكى پۇلغا «مۇۋاپىق» كەلمىگەن. رەڭگا رەڭ ماللار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئارىسىدا يۈرۈپ بازار ئايلىنىشىمۇ بەزىدە چۆلدە يەككە ـ يېگانە كېتىۋاتقاندەك زېرىكىشلىك بولىدىكەن. مەن ماگىزىن، يايما، بوتكىلاردا تىزىپ قويۇلغان ئاياغلارغا قارايمەن. مەقسىتىم پۇتۇمغا دەل كېلىدىغان، رەڭگى قارا، چەمى قېلىن، رەسمىي خورۇمدا تىكىلگەن، ھېيت ـ ئايەم، بايراملاردا مايلاپ پاررىدە كىيگىلى بولىدىغان بىر جۈپ يازلىق ساپما ئاياغ ئېلىش. ئويلىغىنىمغا ھەر ھالدا يېقىن كېلىدىغان بىر نەچچە جۈپ ئاياغنىڭ باھاسىنى سوراپ كۆرۈپ قىممەتلىكىدىن دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

بايام بۇ تەرەپكە ماڭغاندا تايچاقتەك سەكرىشىپ، قىيغىتىپ مېڭىشقان «شاھزادە» بىلەن «مەلىكە» مىزنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن، كۆڭلىگە ياققانلىكى، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكى نەرسىلەرنى، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ بەرمىگەن ئاتا ـ ئانىسىغا دومسىيىپ تۇمشۇقى بىرگەز بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار: «دېگىنىمىزنى بەجا كەلتۈرۈپ، كۆڭلىمىزگە ياريغانلىكى نەرسىنى ئېلىپ بېرىدىغان، ھەممىگە كۈچ ـ قۇدرىتى يېتىدىغان دادىنىڭ بالىلىرى بولۇپ قالمىغاندىمىز» دەپ ئويلاۋاتىدىغانمىدۇ؟ . . . مەن ئاياغ ئالساممۇ ـ ئالمىساممۇ بەربىر، پۇتۇمدىكىسىنى يەنە تۈجۈپلەپ يامىتىپ، پەردازلىتىپ كىيسەم بۇ ھېيتمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ تەلپىنى چەكلىك دائىرىدە، قۇربىمىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھەل قىلماي بولمايدۇ. مانا شۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى باياتىن بېرى يەتتە ـ سەككىز قېتىمدىن ئايلانغان يايما، بوتكىلارنى يەنە ئايلىنىشقا، ماگىزىنلارغا يەنە كىرىشكە باشلىدۇق. يەنە تۆت ـ بەش سائەت بىر ئىزدا دېگۈدەك چۆرگىلىسەكمۇ خوتۇن ـ بالىلار پەقەتلا سوۋۇپ قالىدىغاندەك ئەمەس. مەن رايىشلىق بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭماقتىمەن. ئىشقىلىپ ئۇلارغا ئالىدىغان نەرسىلەرنى چىداپ تۇرۇپ ئېلىپ ئاندىن ئۆيگە قايتقان تۈزۈك، بولمىسا ھەر بىرىمىز بۇ بازاردىن پۇل تۆلىمەيلا ئېرىشكەن بىر تاغاردىن قورساق كۆپۈكىمىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ تۆكىدىغان گەپ.

سودا مەركىزىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قەۋەتلىك بىنادىكى ئاياغ ماگىزىنلىرىنىڭ بىرىگە توققۇزىنچى قېتىم قەدەم باستۇق. خوتۇن ـ بالىلار ئۆزلىرى ئۈچۈن نەچچە قېتىم كۆرگەن ئاياغلارنى يەنە ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئالدىنقى قېتىملاردا ئۇلار تاللىغان بۇ ئاياغلارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ جىڭ ـ جالىقى، چىدامىلىقلىقىغا بەرگەن پەرەز، باھالىرىمنى بۇ قېتىم ئۆزگەرتىپ: «بولىدىكەن، بەك چىرايلىقكەن، ئالايلى» دەپلا تۇردۇم.

شۇ ئارىدا يان تەرىپىمدە ئاياغ تاللاۋاتقان ئىككىيلەننىڭ تەئەددى بىلەن قىلىشقان گەپلىرى ئىختىيارسىز دىققىتىمنى تارتتى.

— ئەجەب جاھىل نېمىكەنسەن، مۇشۇنى ئالساق بولمامدۇ؟

— ياق، رەڭگى بولمايدىكەن.

— ئەمىسە قايسىنى ئالىمىز؟

— بايام مەن تاللىغىنىمنى.

— ياق ئۇنى ئالمايمىز.

بىرسى سول قولتۇقىدىكى، يەنە بىرسى ئوڭ قولتۇقىدىكى بىردىن قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقان، چىرايلىرى تاتىراڭغۇ، يېشى تەڭ دېمەتلىك بۇ ئىككى يىگىتكە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا قاراپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. شۇ ئارىدا بۇ ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قېيىدىغان ھالدا ئاياغنى پوكەيگە قويۇپ قولتۇق تايىقىنى تاراڭشىتىقىنىچە سىرتقا مېڭىشتى. مەن شۇندىلا بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرسىنىڭ سول پۇتى، يەنە بىرىنىڭ ئوڭ پۇت تىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇرغان ئىشتان پۇشقىقىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

— نەچچە كۈندىن بېرى كۈندە ئاياغ كۆرىدۇ. يا بىر ـ بىرسى بىلەن كېلىشىپ بىر جۈپ ئاياغ ئالمايدۇ، ئەتىسى قارىسا يەنە بىرگە پەيدا بولىدۇ.

چىرايىمۇ، چىشلىرىمۇ ساپسېرىق

كەلگەن پىرىكازچىك ئايال شۇنداق دېگىنىچە ئۇلار قويۇپ قويغان ئاياغنى پوكەينىڭ ئىچىگە سېلىۋەتتى.

«بۇلار قانداق تېپىشىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم - يۇ، شۇئانلا بۇ ساددا خىيالىمغا ئۆزۈمچە كۈلۈپ سالدىم. ھايات سەھنىسىدە كىم بىلەن كىم تېپىشمايدۇ، مۇناسىۋەتلەشمەيدۇ دەيسىز؟ ھەممىمىز ئايرىم تۇغۇلغان، يەنە ئايرىم - ئايرىم گۆرگە كىرىپ كېتىدىغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ يەر يۈزىدە يېگانە ياشىيالمايمىز. بىر - بىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىشىمىز، سودىلىشىمىز، ئىشقىلىپ بىرگە ياشايمىز. . .

يەنە بازار ئايلىنىشقا باشلىدۇق. ئايلىنا - ئايلىنا يەنە بىر ماگىزىنغا ئۇنىنچى قېتىم كىردۇق. قارىسام ھېلىقى ئىككى يىگىت يەنە ئاياغ تاللاۋېتىپتۇ.

— بۇلارنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى ئايالىم ئاستاغىنا.

— ھەئە. . . ھە ياق، — دېدىم مەن مۇجمەل قىلىپ.

— ساراڭ، ھاڭۋېقىپ تۇرماي مايەرگە قاراڭ ئەمىسە، كەچ كىرىپ قالدى، ئۆيگە قايتمىساق بولماس. ما باللارغا ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ ئالداپ قويۇڭ.

مەن باللارنى پەپىلەشكە، تەلەپلىرىنى چوقۇم ئورۇندايدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بېرىشكە باشلىدىم. شۇ ئارىدا پىرىكازچىك ئۇلاردىن:

— ئوخشاش نومۇرلۇقنى كىيەمسىلەر ئۇكىلىرىم؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

— بۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۈرگىچە ھەر ئىككىڭلار كۆڭلۈڭلىگە يارىغان ئاياغدىن بىر جۈپتىن ئېلىپ، كىيمەيدىغان پېيىنى تاشلىۋەتسەڭلار بولمامدۇ، — دېدى پىرىكازچىك كۈلۈپ.

— بىز تېخى ئۇ دەرىجىدە باي بولۇپ كەتمىدۇق. سىلى بىزگە قارىغاندا ئاسان پۇل تاپىدىلا. . . بىر جۈپتىن ئاياغ ئېلىپ ئىككى پاينىڭ پۇلىنى بېرەيلى بولمىسا، — دېدى ئۇلاردىن بىرسى جاۋابەن.

پىرىكازچىك كۈلگىنىچە يەنە بىر خېرىدارغا ئاياغ ئۇزاتقاچ دېدى:

— موزدۇزغا بۇيرىتىڭلار ئەمىسە.

— ئۇلارمۇ پۇتىمىزغا قاراپلا ئىككى پاينىڭ باھاسىنى قويىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بۇيرۇتساق ھېيتقا ئۈلگۈرەمدۇ دەيلا.

ئۇلار بۇ ماگىزىندىنمۇ چىقىپ كېتىشتى. پۇل تۆگەپ كەتكەچكە ئۆيگە نامازشام ۋاقتى بىلەن قايتىپ كەلدۇق. تاپا - تەنە، دوق قىلىش، قورقۇتۇش، ئەركىلىتىش ئىچىدە تاماق يېيىشتۇق. ئۆزۈمنىڭ كۆپلەپ پۇل تاپالمايدىغان بىر يارامسىز ئەر بولۇپ قالغانلىقىمغا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى.

بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن ئايالىم ماڭا بۇ قېتىم چوقۇم ئاياغ ئېلىش لازىملىقىنى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كىيىلىۋاتقان، يەملىنىپ، چەملىنىپ، كۆپ قېتىم يامالغان بۇ ئاياغنى ھېيتتا يەنە كىيىۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ مېنى يەنە بازارغا ئېلىپ كەلدى. چىداملىق تەرىپى كۆڭلۈمگە ياققان ئاياغ بار ھېلىقى ماگىزىنغا كىردۇق. ھېيتلىق سودىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان پىرىكازچىك تاش چىشلەپ، باھادا پەقەتلا تۆۋەنلىگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماگىزىندىن چىقىپ يەنە بىرىگە قاراپ ماڭدۇق.

— ھېيتتىن كېيىن ئەرزان ئالغىلى بولاتتى، — دېدىم مەن كېتىۋېتىپ.

— ھېيت دېگەندە بىرەر تال كىيىم - كېچەكنىمۇ بولسا يېڭىلىغىلۇق. ئاۋۇ بىر پۇتى يوق باللار چېغىدا ئاياغ ئالىمىز دەپ يۈرۈيدۇ، — دېدى ئايالىم ماگىزىنغا كىرىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى ئىككى يىگىتنى ئىما قىلىپ.

مەن ئۇلارنىڭ ئىسكەتىدىن ئانچە كەتمىگەن، چىرايلىق بىر جۈپ ئايىغىغا قارىدىم.

# بىز بۇنىڭغا ئېرىشكىلى تېخى ئۇزۇن بولمىدى

بۈگۈن بازار باشقىچە تۈس ئالغانىدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى مەنزىرە دەرەخلىرى، ئەتىرگۈللەر، ئازادە يوللار ماشىنا بىلەن سۇ پۈركۈلۈپ يۇيۇلغان، كۆز ئايلىرىنىڭ ئىللىق قۇياشى ئاستىدا بازاردىكى ھەممە نەرسە پارقىراپ، جۇلالىنىپ كەتكەن، يولنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان ئالا - بېشىل پلاكاتلار خوپ ياراشقانىدى. چوڭ - كىچىك ماشىنىلار، موتسىكلىت، ۋېلسىپىتلار ئۇياقتىن - بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

بازارنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئوق يولدا گۈلە پاتقۇدەك بىر نەچچە يېرىنى كۆيە يەپ كەتكەن كۈرەك تەلپىكىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، بوز چەكمەندىن تىكىلگەن تونچە چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن پوتا بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان، ئاتمىش - يەتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئوتۇن بېسىلغان بىر ئېشەك ھارۋىسىنى يېتىلەپ، يېشىغا ماس كەلمىگەن تولىمۇ چاققان قەدەملەر بىلەن ئالدىراش كېلىۋاتاتتى. ئاقىرىپ كەتكەن، قونجى پۈرمىلىنىپ يىغىلىپ قالغان يوغان ئۆتۈك پارقىراپ تۇرغان ماي يولدا گۈلۈپلەپ ئاۋاز چىقىراتتى. بازار مەركىزىگە بارىدىغان چوڭ كۆۋرۈكتە يول توسۇپ ئولتۇرغان يىگىرمە - يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر يىگىت يەڭ بەلگىسىنى تۈزەشتۈرگەچ، ياش ئوتۇنچىلاردەك ھارۋىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ياكى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا چىقىپ تۇرۇپ ھەيدىمەي، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان بوۋاينىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى:

— ھەي ئاكا، ئاۋۇ دوقمۇشتا تۇرغان ئادەم دېمىدىمۇ سىلىگە، بۇ يولدا ئېشەك ھارۋىسى ھەيدەشكە بولمايدۇ دەپ... يانسىلا كەينىلىرىگە.

— قەيەرگە يانىتمە بالام.

— قەيەرگە يانسىلا شۇ يەرگە يانسىلا، ئېشەك ھارۋىلىرىنى بازارنىڭ سىرتىدىكى يول بىلەن ھەيدىسىلە.

— ئۆز بالام، بۇ ئوتۇننى ئاۋۇ ئىدارىدىكى بىر كادىرغا ساتقان، ھارۋا مۇشۇ يولدا ماڭمىسا باشقا يولدىن ئۇ يەرگە كىرگىلى بولمايتكەن، يا بۇ ئېشەكنىڭ قانىتى يوقكەن... كىرىپلا چىقاي ئۆز بالام.

بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە ئالدىنى توسۇپ تۇرغان ئاق سېرىق يىگىتنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي ماڭماقچى بولۇۋېدى، غەزىپى ئۆرلىگەن يىگىت ئوڭ قولىدىكى تاياق بىلەن ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇرغاچ، سول قولىنى چولۇۋرغا ئۇزاتتى.

— نېمانداق كۆكەمە بالا سىلى غوجام، ئېشەككە قوناقنى ئۆزۈم بەرگەن، ئۇرماي تۇرسىلا.

بوۋاي چولۇۋرنى يىگىتنىڭ قولىدىن سىلكىپ تارتتى.

— گەپكە ئۇنىمىسىلا يۈز كوي جەرىمانە تۆلەيلا ھېلى بىكار.

يىگىت شۇنداق دېگىنىچە چولۇۋرغا يەنە ئېسىلدى.

— بۇ ئوتۇننى ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىن ئاچىقىپ سەكسەن كويغا ساتتىم. سىلىنىڭ پوسىدە قىلغان بىر ئېغىز گەپلىرىگە يۈز كوي بەرگىلى بولماس. خاپا بولماي مېنى ماڭغىلى قويسىلا... ئېشەك يوللىرىغا تېزەكلەپ سالسا مەن بىرنى قويماي تېرىپ ئېتىزلىققا ئاچىقىپ تۆكەي غوجام.

— ھەي كوتا ساقال، بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس... ماڭمايسەن دېدىم ماڭمايسەن.

يىگىت شۇنداق دېگىنىچە چولۇۋرنى

سىلكىپ ئارتىپ هارۋىنى كەينىگە ياندۇرماقچى بولدى. ئاپپاق ئۆچكە ساقىلى، كۆتمەك بۇرۇتى ئۈستىدە شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان بوۋاينىڭ جەهلى قاتتى ـ دە، چۇلۋۇرنى بىر گۇپشۇۋىدى يىگىت يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ــ هاي كۆك ماڭقا، ماڭە مۇشۇ سىياسەتنى چىقارغان ئادەمڭنى چاقىرىپ كەل. بۇ يولغا ماي باسقاندا مەن مۇشۇ ئېشەك هارۋىسى بىلەن بىر ئاي تاش ـ شېغىل، سېغىز توشۇغان. شۇ ۋاقىتتىمۇ هەيدىگىلى قويمىساڭ بولماتتى بۇ يولدا.

بوۋاي ئۆزىگە خىرىس قىلىپ كەلگەن يىگىتنى پەسەنتىگە ئالماي شۇنداق دېدى ـ دە، يولغا ماڭماقچى بولدى. بۇ غەۋغاغا قىزىقىپ تۇرغانلار ئارىسىدىن ئوتتۇرا ياشلاردىكى سالاپەتلىك بىر ئادەم ئالدىراپ چىقىپ كېلىپ ئارىغا چۈشتى:

ــ ئاكا، خاپا بولمىسىلا، بۇ دېگەن بەلگىلىمە. بازار دېگەن بازارغا لايىق بولمىسا بولمايدۇ. چوڭ شەهەرلەردە ئېشەك هارۋىسى تۇگۇل چوڭ ماشىنىلارنىمۇ توسىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىن تازىلىق تەكشۈرگىلى ئادەم كېلىدىكەن.

ــ ۋاي ئۇز ئۇكام، تەكشۈرىدىغانلارمۇ بىزنىڭ ئېشەك هارۋىمىزنى تونۇيتۇ. . . بىز بۇنىڭغا ئىگە بولغىلى تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. قىغ ـ گەندىلىنى ئۆشنىمىزگە ئارتىپ توشۇماي هارۋا بىلەن توشۇيتقان بولدۇق. شۇنچە ياشقا كىرىپتىمەن، راستىنى دېسەم مۇشۇ ئېشەك هارۋىسى بىزگە نەپ بەردى. جېنىمىزنى بىر ئاز راهەتكە چىقاردى ئۇكام. ئەمدى شۇ تۇرۇۋا سۈيى، توك دېگەنلىمۇ جانغا راهەت بېرىتقان نېمىلىكەن. شۇغىنىسى تولا قېچىپ كېتىتكەن.

ــ ئاكا بۇ يەردە تۇرۇۋۇەرسەڭ قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. خاپا بولماي قايتسىلا. تەكشۈرىدىغانلار كېتىپ بولغاندىكىن بىز بۇ يولنى توسمايمىز.

ــ ياق ئۇكام، سىلى بۇ باللارنىڭ باشلىقى ئوخشايتلا. هەر هەپتىسى بۇ قاپىقى قېلىن باللارنىڭ تىل ـ هاقارىتىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم مۇجۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇگۇنمۇ ساتىتقان ئۈچ هارۋا ئوتۇن بار. كىم ئالسا سېتىپ، مۇشۇ ئېشەك هارۋىسى بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىتقان گەپ. ئوتۇن ساتقان پۇلغا ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالىتمىز. يەرگە سالغىلى ئوغۇت، يالتىراق ئالىتمىز. بۇغداي ـ قوناق، پاختا تېرىپ يەنە مۇشۇ هارۋىغا بېسىپ بۇ بازارغا ئەكىرىتمىز. بۇ باللار مېنى تىللىمىسۇن ئۇكام.

ــ ئاكا، خاپا بولماي قايتىپ تۇرسىلا، ئېشەك تېزەكلەپ، . . . سالسا مۇهىتنى بۇلغايدۇ.

ــ قانداق قىلىتمىز ئۇكام، يا بۇ جانىۋار ئاۋۇ دۇدۇتلەپ ماڭىتقان بىر نېمىلىدەك دۇتقۇنىستىن ئىس پۇركۇپ ماڭمايتكەنيا.

ئۇلار دە تالاش قىلىۋاتقاندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ماشىنا كالۇنىسى ئېشەك هارۋىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. هېلىقى سالاپەتلىك كىشى قىزىرىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ مانا كۆردىلىمۇ، تەكشۈرگۈچىلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزىمىزنى سازايى قىلىپ ئوبدان قىلدۇق. ماڭسىلا ئەمدى يوللىرىغا.

ــ خاپا بولمىسىلا ئۇكام، مېنىڭچە بولغاندىغۇ بۇ ئېشەك هارۋىسىنى هەيدىمەي سىلە توسمايدىغان هاۋاجاز،[1] پايىز، كۇڭكا[2] دېگەنلەرنى هەيدىگۇم بار. مەن هەيدىيەلمىسەم باللىرىم هەيدەيتتى. شۇغىنىسى بۇنىڭغا ئامال يوق. بۇمۇ ماڭمىسا بولمايتكەن. بۇگۇن ـ تەڭلى بۇ نېمىنىمۇ هەيدىمەسمىز. . .

بوۋاي هارۋىنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى. بۇ ئىشنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

① هاۋاجاز ـــ ئايروپىلان. ② كۇڭكا ـــ ماشىنا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلىكە مەتىمىن

# ئەرمۇدۇن دەرىخى تۈۋىدە



(ھېكايە)

ھاۋا ئوچۇق، كۆزنىڭ ئىمىرىن شامالللىرى سارغايغان غازاڭلارنى كىشلەرنىڭ ئاياغ ئاستىغا تاشلىماقتا.
مەن ياتاقنىڭ ئارقىسىدىكى يالغۇز بىر تۈپ ئەرمىدۇن دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزۈمنى خۇددى مۇشۇ ئەرمىدۇن دەرىخىدەك يالغۇز ھېس قىلماقتىمەن. كىشلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ، مىجىلىپ كېتىۋاتقان غازاڭلارغا قاراپ يۈرىكىم سىقىلىپ كەتتى.
تۇۋا، ۋاقىت نېمە دېگەن تېز - ھە! تېخى تۈنۈگۈن ئۆزىنىڭ يېشىللىقى بىلەن دەل - دەرەخلەرگە رەڭ بېغىشلىغان يوپۇرماقلار بۈگۈن كۈزنىڭ رەھىمسىز شاملى بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىنماقتا.
مەن شامالدا ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن غازاڭلارغا قاراپ ئاستا خىيالغا كەتتىم.
مەن نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئەنە شۇنداق يېشىل يوپۇرماق ئىدىم. بالدۇر كەلگەن كۈز شاملى مېنى بەرگىمدىن ئاجرىتىپ بىر خەس كەبى يىراقلارغا تاشلىۋەتتى. ئاھ خۇدا! مەن نېمە دېگەن بەختسىز - ھە!
ئۇ ۋاقىتتا مەن تېخى كىچىك ئىدىم. بەلكى تولۇقسىزنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك. بىزنىڭ سىنىپتا دەرستىمۇ ياخشى، ئۆزى شوخ، چوڭ - چوڭ قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان چىرايلىققىنە، قادىر ئىسىملىك بىر بالا بولىدىغان. بىر كۈنى سىنىپتا يالغۇز دەرس تەكرارلاپ ئولتۇرسام ئاستا كېلىپ چىرايلىق قاتلانغان بىر پارچە خەتنى قولۇمغا تىقىپ قويۇپ، كېتىپ قالدى.
مەن دەسلەپ ھەيران قالدىم، ۋە ئاستا ئېسىمنى يىغىپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇ خەتتە «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى كۆرمىسەم چىدىيالمايمەن» دېگەندەك گەپلەر بولۇپ ماڭا بەك بىمەنە تۇيۇلدى ۋە ئاچچىقىمدا خەتنى يىرتىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتىم. ئەتىسى تازىلىق قىلىۋاتسام ئۇ يېنىمغا كېلىپ:

— خەتنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدىم مەن زەردە بىلەن.

— جاۋابىچۇ؟

مېنىڭ ئاچچىقىم تازا كەلدى. ئاستا ئەتراپقا قارىدىم. بىزگە ھېچكىم دىققەت قىلماپتۇ.

— نېمىنىڭ جاۋابىنى دەيسەن؟ ئۇ ساپلا بىمەنە خەتكەنغۇ! بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خەت يازساڭ مۇئەللىمگە دەيمەن جۇمۇ، — دېدىم - دە، قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ ھەدېسە بالىلار بىلەن ئۇرۇشىدىغان، تاپشۇرۇقنىمۇ ۋاقتىدا ئىشلىمەيدىغان، ھەتتا دەرسكىمۇ خالىسا كېلىدىغان، خالىسا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ بەك ئىچى پۇشتى. نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى.

بىر كۈنى گرامماتىكا ئوقۇتقۇچىسى دەرسكە كىرىپلا ئۇنىڭدىن دەرس سورىۋىدى ئۇ جاۋاب بېرەلمىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى بولغاي:

— ھوي ئاداش، ماڭا قارا، ئۆتكەن سائەتتە سورىسام تېخى جاۋاب بېرەلمەيسەن، كېيىنكى سائەتتە سەۋەبسىزلا دەرسكە كەلمىدىڭ، ئۇنى ئاز دەپ بۈگۈن يەنە دەرسنى تەكرارلىماي كەپسەن. زادى نېمە سەۋەب بولدى! دېگىنە؟ ھوي سەندىن سوراۋاتىمەن! — دېدى - دە، ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تارتقۇچلاپ دوسكىنىڭ ئالدىغا چىقاردى. ئۇ ئاچچىقىدا مۇئەللىمنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى. مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقتىن يۈزلىرى قارىداپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئىشىككە بىر تەستەك سالدى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېقىپ چۈشكەن قان، ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى. ئۇ يىغلىغان پېتى سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ماقۇل دېسەم بوپتىكەن، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئۇ كەچلىك مۇزاكىرىگىمۇ كەلمىدى. بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىمدىن سورىسام — ئۇ مىجەزىم يوق دەپ ياتاقتا قالدى — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سىنىپ ھەيئەتلىرى ئۇنى يوقلاپ باردۇق. ئۇ مېنى كۆرۈپلا قىزىرىپ كەتتى.

— سەن نېمىشكە دەرسنى تەكرارلىمايسەن؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— خېلى ۋاقىت بولدى. بېشىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ. دەرسنى قانچە ئۆگەنسەممۇ زادىلا مېڭەمگە ئالالمىدىم، — دېدى ئۇ تاتىرىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا سەن دوختۇرغا كۆرۈنگىن، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

بىز شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ تەسەللى بېرىپ سىنىپقا ئېلىپ كەلدۇق. سىنىپ ھەيئىتى ماڭا — سەن ئۆگىنىش ھەيئىتى بولغاندىكىن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن. بىز بىرلىكتە ئۇنى يېتەكلەيلى، — دېدى. شۇنداق قىلىپ مەن ھەر كۈنى ئۇنىڭ چۈشەنمىگەن دەرسلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان ھەم بىللە ئۆگىنىش قىلىدىغان بولدۇم. ئۇ مەن بىلەن بىللە دەرس تەكرارلىسا كۆڭلى ئىنتايىن خۇشال تۇراتتى. ھەم ئىككىمىز بىللە ئۆگەنگەن دەرسلەرنى مېڭىسىگە

ناھايىتى ياخشى تىزىۋالاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. بۇنىڭدىن سىنىپ مۇدىرىمىز بەك خۇرسەن بولدى. ئۇ بىر كۈنى سىنىپتا ئىككىمىزلا قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ:

— مەربىيە، راست گەپنى قىلغىنا، سەن مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دېدى.

— ياق! — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

— ئەمسە نېمىشقا ماڭا ياردەم قىلىسەن؟

— ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— نېمىشكە ئىچىڭ ئاغرىيدۇ؟ ناۋادا مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرەرسى بولغان بولسىمۇ ئىچىڭ ئاغرىمتى.

— شۇنداق، ھەممىسى ئوخشاشلا مېنىڭ ساۋاقدىشىم.

— ئەجەب مېھرىبان بولۇپ كېتىپسەن.

— مەن ئەزەلدىن شۇنداق، — دېدىم - دە، گەپنى بۇراش مەقسىتىدە، — بولدىلا ئۆگىنىش قىلايلى، ئۇنداق بىمەنە گەپنى قويۇپ، — دېدىم.

ئۇ ئۈندىمەي بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن بىللە ئۆگىنەيمەن، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. مەن سىنىپتا يالغۇز قالدىم. نېمىشقىدۇر ئۆگىنىش قىلغۇم كەلمىدى. ئۆزۈمنى ئۆگىنىشكە شۇنچە زورلىساممۇ يەنىلا دىققىتىم چېچىلىپ زادىلا ئۆگىنەلمىدىم. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل قالغانلىقىمنى بىلدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى كۆرسەم ئانچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلاشمايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتىدىغان، كۆرمىسەم نېمىشقىدۇر ئۇنى باشقىلارنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن مەن ئۇنداق بولۇپ قىلىشقا تەن بەرمەيتتىم، ئامال بار ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتىم. بىر - ئىككى ھەپتە شۇنداق ئۆتتى. ئۇ ئالدىمغا يەنە كەلدى.

— مەربىيە، مەن يېڭىلدىم، مېنىڭ سېنى ئاچچىقلاتقىم يوق. بىز دوست بولايلى دېسەم قوشۇلمىدىغانسەن، — دېدى ئۇ.

مەن بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى ۋە قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — ئۇنداقتا بىز باغلىنىشايلى! — دېدى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئويۇن - تاماشاغا بېرىلمەسلىك ۋە غەيرىي ھېسسىياتتا بولماسلىق توغرىسىدا ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇ - غايىلىرىمىز توغرىسىدا نۇرغۇن ۋەدىلەر بېرىشتۇق. شۇنداق قىلىپ بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ھەش - پەش دېگۈچە ئوقۇشمۇ ئاخىرلاشتى. بىز تولۇق ئوتتۇرىغىمۇ بىللە كىردۇق. بۇ جەرياندا ۋەدىمىزگە قىلچە خىلاپلىق قىلمىدۇق. بىز بارغانچە بىر - بىرىمىزگە ئىجىل بولۇپ قالغاندۇق. خۇددى بىر تۇغقاندەك ئۆتتۇق، داشۆگە ۋەدىمىز بويىچە بىللە ئىمتىھان بەردۇق. بەختىمىزگە، ئىككىمىزگە بىر ئىنىستىتۇتتىن چاقىرىق كەپتۇ. بىز قوش ئالمىدەك ئايرىلماي ئوقۇشقىمۇ بىللە باردۇق. ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى باغچىلارغا بېرىپ بىللە ئوينايتتۇق. يەنە

شەنبە كەلدى.

— بۈگۈن ئىشىڭ بارمۇ؟ — سورىدى قادىر.

— ئىشىمغۇ بار، نېمە گەپتى؟

— باغچىغا بېرىپ ئويناپ كەلسەك دېگەنتىم.

— بېرىشنىغۇ بارارمىز، لېكىن ھەر شەنبە بېرىۋەرسەك قانداق بولىدۇ؟ سېنىڭ ئۆيۈڭدە بانكا بارمۇ - يە؟ پۇل توشامدۇ؟

— ئەجەب بۈگۈن تېجەشلىك بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟

— شۇنداق، ئەمدى تېجەشلىك بولمىساق بولمايدۇ. قادىر، گېپىمنى ئاڭلا، بىز ئۆيۈڭغا بېرىلىپ كەتسەك بولمايدۇ. ئۆيدىكىلەرنى ئويلايلى، — دېدىم مەن. ئۇ بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئەمىسە سېنىڭ قانداق ئىشىڭ بار؟ مەن ياردەملىشەيمۇ؟

— كىر يۇيىمەن شۇ. سېنىڭمۇ كىيىملىرىڭ باردۇ؟ ئەكېلىپ بەر، يۇيۇۋېتەي.

— بولدىلا، ئۆزۈملا يۇيۇۋېتىمەن.

— ساڭا نېمە بولدى؟ خاپا بوپقالدىڭمۇ - يە؟

— ياقەي، ھېچ ئىش يوق.

— ئەمىسە، باشقىچىلىغۇ؟ ئىلگىرى مەندىن سورىمايلا، بۇنىمۇ يۇيۇۋېتەرسەن دەپلا تاشلاپ قويىدىغان ئادەم، بۈگۈن؟ . . .

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشلارنى ساڭا ئىتتىرمەيمەن.

— ۋاھ! ساڭا بۇ گەپلەرنى كىم ئۆگەتتى؟

— ئۆزۈم شۇنداق ئويلاپ قالدىم. سېنى ئاسرىمىسام بولمىغۇدەك. كېيىنچە بالىمىز بولۇپ قالسا. . .

— ۋاي قىلمىن، — مەن شۇنداق دېدىم‌دە، خىجىللىقتىن يۈزۈم ئوت بولۇپ ياندى. ئىككىمىز كۈلكە - چاقچاق بىلەن تۇرۇۋېلىپ ئالدىدا بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ كىر يۇيدۇق، بۇ جەرياندىمۇ ئۇ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ ئولتۇردى ۋە تۇيۇقسىز گەپتىن توختاپ مەندىن سورىدى.

— كەچتىغۇ ۋاقتىڭ باردۇ؟

مەن «نېمە گەپ» دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئالدىرىماي كۆزىنى قىسىپ ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كىنو كۆرۈپ كېلەيلىمىكىن دېگەن. يېڭى فىلىم، پاكىستاننىڭ «مېھىر - شەپقەت» فىلىمىكەن. قانداق بارامدۇق؟— دېدى.

— مەن بارمايمىكىن، سەل ھېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەچتە ئىككىمىزلا بارساق. . .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ پۈتۈن مەكتەپتىكى قىز - ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى شۇنداققۇ. خاتىرجەم بول، مەن ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قالمىدىم.

بىز شۇنداق قىلىپ كەچتە كىنو كۆرۈشكە كېلىشتۇق. مەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئەينەك ئالدىغا كېلىپ كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلدىم ۋە كىيىم يەڭگۈشلەپ تەييار بولدۇم. ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىدىن ئالدىراش ئىدى. ئۇلارمۇ بەلكى يىگىتلىرى بىلەن كىنو كۆرۈشكە ئالدىرايدىغاندۇ. بىرسى يېنىمغا كەلدى.

— سەن گىرىم قىلساڭ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىدىكەنسەن. كۆز

تەگمىسۇن يەنە. ھەقچان قادىر بىلەن كۆرۈشكىلى بارىسەنغۇ دەيمەن. بەك ياخشى يىگىت جۇمۇ! — دەپ ئاغزى بىسمىلماي قالدى. بۇنىڭغا يەنە بىرى گەپ قاتتى.

— تېخى بۇلارنىڭ مەكتەپتە «قوشماقلار» دەپ نامى باركەن ئەمەسمۇ! ھا... ھا... ھا... خوش، بىز كەتتۇق، — ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ ئىشكتىن چىقىپ كېتىشتى. مەن ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاستا قەدەم تاشلاپ ۋەدىلەشكەن جايغا قاراپ ماڭدىم. قادىر مەجنۇنتال ئاستىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، پات - پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. ئۇ مېنى يىراقتىن كۆرۈپ ئۇماققىنە كۈلۈپ قويدى. بىز بىر ئاز ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭدۇق. (ئادەتتە ئۆگىنىش قىلغاندىمۇ شۇنداق يىراق - يىراق ئولتۇراتتۇق.) يولدا پاراڭلاشمايلا مېڭىپ كىنوخانىغا يېتىپ باردۇق. بىز كىرىپ ئولتۇرۇشىمىزغىلا كىنو باشلاندى. كىنونى جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆردۇق. قايتقاندا ئۇ كېتىۋېتىپ مەندىن سورىدى:

— سەن كىنونى كۆرۈپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭ؟ مەن خۇددى ئۆزۈمنى ئەنئۇردەك، سېنى شەرۋانىدەك ھېس قىلىپ قالدىم، — دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

— ئەجەب كۈلۈپ كەتتىڭغۇ؟ مېنى مازاق قىلمۇۋاتامسەن نېمە؟

— ياقەي، ئۆزۈمچە كۈلگۈم كەپ قالدى.

ئۇ باشقا گەپ سوراپ بولغىچە ياتاققا كېلىپ قالدۇق. ئۇ مېنى ياتاقنىڭ ئالدىغىچە ئەكېلىپ قويدى.

— خوش، خەيرلىك كەچ.

— خەيرلىك كەچ.

مەن ياتاققا كەلسەم تېخى باشقىلار كەلمىگەنىكەن. جايىمنى سېلىپ يېتىپ خىيال سۈردۈم. قادىر راست دەيدۇ. بىز بىر - بىرىمىزنى ئاشۇ ئەنئۇر - شەرۋانىلەردەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمىز. بىراق بىز ئۇلارغا ئوخشاشمايمىز.

— توخۇدەك بورۇنلاقونداقتا چىقىۋاپسەن-غۇ؟ ھا... ھا... ھا... ھۇ... ھۇ... ھۇ... ھى... ھى... ھى... ئۇلارنىڭ ۋاتىلداشلىرى ھەم قالايمىقان كۈلۈشلىرى خىيال يىپىمنى ئۈزۈپ قويدى. بىرى يىگىتىمنى ماختىسا، بىرى تىللىغان. بىرى كىنودىكى ئاشۇق - مەشۇقلارنى ماختىسا، يەنە بىرى كىمدۇر بىرىنى تىللايتتى. مەكتەپ ھاياتىمىز ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ھەم خاتىرجەم ئۆتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەقسىملىنىش ئالدىدا قادىر ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككىمىزنى بىر ناھىيە، بىر مەكتەپكە تەقسىم قىلدۇردى. ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇنغا قالماي ئىككى ئۆيدىكىلەر كۆرۈشۈپ تويىمىزنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاتا- ئانىمىز بار ناھىيە بىلەن بىز ئىشلەيدىغان ناھىيىنىڭ ئارىلىقى كىچىك ئاپتوبۇستا ئىككى سائەتلىك يول ئىدى. ھەر دەم ئېلىش كۈنلىرى بېرىپ ئىككى ئائىلىدىكىلەرنى يوقلاپ تۇردۇق. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مانا بىز توي قىلغىلى بىر يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ ھەم كۆيۈنۈپ ئۆتتۇق. مەنمۇ ئېغىر قات بولۇپ قالغىلى تۆت ئايدەك بولدى. ئۇ مېنىڭ ئېغىر قات

بولۇپ قالغىنىمغا بەك خۇشال بولدى. ماڭا ئۆي ئىشلىرىنى پەقەتلا قىلغۇزمايتتى. ئۇ پات - پات قورسىقىمنى سىلاپ تۇراتتى:

— مەن سېنى ئاسرىمىسام بولمايدۇ. سەن مانا پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىسەن، — دەيتتى. مەن:

— ناۋادا قىز بولۇپ قالسىچۇ؟ — دەپ سورىسام ئۇ:

— مەيلى ئەمەسمۇ، قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن ئوخشاشلا مېنىڭ بالامغۇ، — دەپ مېنىڭ ماڭلىيىمنى سىلاپ، پېشانەمگە سۆيۈپ مېنى ئەركىلىتەتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتتى. مېنىڭ قورسىقىممۇ كۈندىن-كۈنگە چوڭىيىۋاتاتتى.

بۈگۈن ئانچە مىجەزىم يوق، دەرستىن چۈشۈپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇراتتىم، قادىر كىرىپ كەلدى.

— مەكتەپ مۇدىرى يىغىن بار دەيدۇ. سەن كېتىۋېرەمسەن - يا؟

— مەيلىلا، مەنمۇ قاتنىشاي.

ئوقۇتقۇچىلار ھەممىسى مۇدىر ئىشخانىسىغا يىغىلىپ بولغانىدى. مۇدىر ھەممىمىزگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— يولداشلار، بۈگۈن يىغىن ئېچىشىمىزدا باشقا گەپ يوق. مەربىيە قاتارلىق ئۈچتەك يولداشنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالدى. ئۇلارغا ئېتىبار قىلمىساق بولمايدۇ. ئۇلار يېتىپ قالسا ئورنىغا ئادەم كەم. شۇڭا رەھبەرلىككە ئىلتىماس سۇنغانتۇق. بۈگۈن پراكتىكانت ئوقۇتقۇچىدىن ئۈچنى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى - دە، يېنىدا تۇرغان ئىلمىي مۇدىرغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپ ھايال بولماي قونچاقتەك ياسىنىۋالغان ئۈچ قىزنى باشلاپ كىردى. مەكتەپ مۇدىرى ئۇلارنى بىزگە بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى.

— بۇ قىز شەھەرلىك، ئىسمى گۈلنىيار، — ئۇ قىز خۇددى ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك ئەتراپتىكىلەرگە مەغرۇر قاراپ قويدى.

— بۇ قىز × ناھىيىدىن، ئىسمى مېھرىبان، — ئۇ قىز ئوماق تەبەسسۇم بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە باش لىڭشىتتى.

— بۇ قىز مۇشۇ ناھىيىنىڭ C يېزىسىدىن، ئىسمى زەينەپ، — ئۇ ئەتراپقا تارتىنىپقىنە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى ۋە ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

— ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. بۇلارنى ئېغىر قات ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق تەقسىم قىلدۇق. سىلەرگە ئەتىدىن باشلاپ تۇغۇت رۇخسىتى بېرىلدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئىشقا بارمىدىم. ئارىدىن تۆت - بەش كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئانام كېلىپ مېنى تۇغۇتقا ئېلىپ كەتتى. ئىشلار ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. مەن ئانامنىڭ ئۆيىگە كەلگىلى ھەپتە بولدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى. بۇ قادىرنىڭ دەم ئېلىش كۈنىگە توغرا كەپقالغاچقا ئۇ باشتىن - ئاخىر مەن بىلەن بىللە بولدى. بالا قىز ئىدى، ئۇ بەك خۇش بولدى. ئەتىسى مەكتەپكە بېرىپ ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ كېلىپ مەن بىلەن بىللە تۇردى. قىزىمىزغا «پەرىدە» دەپ ئىسىم قويدۇق. ئۇ رۇخسىتى توشۇپ ئىشقا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى كېلىپ تۇردى. بالىغا بىر ئايلىق بولغانىدى، قادىر تۇيۇقسىز كەلمەي قويدى. بۈگۈن كېلەر، ئەتە كېلەر دەپ كۈنلەر

www.uyghurkitap.com

بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ ئۆتتۈۋەردى. ئۇ كەلمىگىلى مانا بۈگۈن بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كەچتە كەلدى ـ دە، بىر قۇر ئەھۋال سوراپلا مۇھىم ئىشى بارلىقىنى باھانە قىلىپ يەنە كېتىپ قالدى. مەن بۈنىڭدىن رەنجىگەن بولسامۇ يەنىلا «خىزمەتچى دېگەن راستتىنلا ئالدىراش بولىدىغۇ، يەنە بىر كەلگەندە بىرەر كۈن تۇرۇپ كېتەر» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. بىراق ئۇنىڭ مۇئامىلىسى خېلىلا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. مېنىڭ ۋە قىزىمنىڭ چىرايىغا ئۇبدانراقمۇ قارىمايتتى، خۇددى ئەيىبكاردەك.

مانا ئىشقا چۈشكىلىمۇ بەش كۈنلا قالدى. ئۇنىڭ تېخىچە قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پات ـ پاتلا يوقلاپ تۇردى. بۈگۈنمۇ شۇلار كەپتۇ. ئۇلار ئۆيدىكىلەر بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— قىزىمىز مەربىيەخانىنى ئېلىپ كېتەيلىمىكىن دەپ كەلگەنىدۇق نۇرنىساخان. مانا بۇ ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قويسىلا، سىلىگە ئېغىرچىلىق سېلىپ قويدۇق. قادىر ئاخۇن بالامنىڭ مەكتەپتە ئىشى چىقىپ قاپتىكەن، شۇڭا كېلەلمىدى. بەك سەت بولدى. ھەر قايسىلىرىنىڭ ئالدىدا. . .

— ھېچقىسى يوق، بالا ئەمەسمۇ.

ئانام ـ دادىلار ئارتۇق گەپ قىلمايلا مېنى جابدۇندۇرۇپ ئۇلارغا قوشۇپ قويدى. ئۇ ئۆيدىمۇ ئىككى كۈن تۇردۇم. قېيىنانام مېنى مەكتەپكە ئۆزى ئېلىپ ماڭدى. ئاپتوبۇستا بالا تولا يىغلاپ ھەم بېشىم ئاغرىپ يول بەك يىراقلاپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ھېرىپ ھالىم قالمىغاندا ئاران يېتىپ كەلدۇق. مەن بالىنى، قېيىنانام ئىككى قولىدا سومكا كۆتۈرۈشۈپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئىشىك ھەم يېپىقلىق ئىدى. قېيىنانام ئىشىكنى چەكتى. ئۆيدىن ھېلىقى ھاكاۋۇر قىز گۈليار نايناقشىپ چىقىپ قېينانامغا قاراپ:



— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى ۋە مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. مەن ئۇنى يەۋەتكۈدەك قاراپ، ئىتتىرىۋېتىپ ئۆيگە ئۇسكەنچە كىردىم. قادىر قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ياستۇققا يېنىچە يۆلىنىپ كىتاب كۆرۈپ ياتاتتى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن:

— كىمكەن؟ گەپ قىلمايسىز-غۇ گۈلىيار، — دېدى.

— خاتالاشتىڭىز، گۈلىيار ئەمەس مەربىيە، — دېدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ كۆزلىرى خۇددى قارىچۇقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغىناپ كەتتى ۋە خېلىدىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— كېلىمەن دەپ خەۋەرمۇ قىلىپ قويماپسەن. بولمىسا ئالدىڭغا چىقمامتىم، — دېدى ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ بالىنى قولۇمدىن ئالدى. بۇ كۆز ئالدىمدىكى قادىر ئەسلىدىكى قادىرغا ئوخشاشمايلا قالغانىدى. ئۇنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. بىراق يەنىلا ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. چۈنكى ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان ئوماق قىزىمنى يېتىم قىلغۇم يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا گەپ-سۆزسىزلا قاراپ قويدۇم. ئۇ ئارقامدىن كىرىۋاتقان ئانىسىنى كۆرۈپ:

— ئانا سەنمۇ كەپسەندە، — دېدى.

— شۇنداق، قىزىمنى مەن ئەپكەلمە-سەم ئۆزى كېلەمدۇ؟ ھېچ بىرىپ قوياي دېمەيسىنا، بىر بالا بولغاندا نېمە بولدى ساڭا، — دەپ بىردەم قايىندى. ئەتىسى ئوغلىغا يەنە نەسىھەتلەر قىلىپ ئاندىن خوشلىشىپ كەتتى. بىراق ئۇ تەربىيىلەر ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمىدى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بارغانچە يىرىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن گەپ قىلسام ئۇنىڭغا ياقمايدىغان، ھە دېسە ئۆيگە مەست كېلىدىغان بولۇۋالدى. مەن بۇنىڭغىمۇ پەقەت قىزىمنى ئويلاپ چىشىمنى چىشلەپ چىدىدىم. ھېلىقى نايناق شەھەردە بىر باشلىقنىڭ ئەركە قىزى بولۇپ، مەن ياتقان ۋاقتىمدا ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلەپتۇ. ئۇ قادىر بىلەن بىر ئىشخانىدا بولغاچقا ئىككىسى چىقىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ھازىرمۇ ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا بەزى قىلىقلارنى قىلىشىدۇ. مەن كۆرسەم كۆرمەسكە، ئاڭلىسام ئاڭلىماسقا سالدىم. مەكتەپ رەھبەرلىكى كۆپ قېتىم تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ يەنە ئوڭشالمىدى. بىر كۈنى ئۇ مەندىن تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى.

— مەربىيە، سەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن رازىمۇ؟

— نېمىشكە رازى بولماي، بىزنىڭ ئوماققىنا بىر قىزىمىز تۇرسا.

— بىز ئاجرىشىپ كەتسەكمىكىن؟

— نېمە بولدى؟ ساڭا قايسى ئىشىم يارىماي قالدى؟ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

ئۇ ئۇندىمەستىن بېشى چۈشكەن ھالدا تۇراتتى.

مەن ئەزەلدىن ئوغۇللار ئالدىدا يىغلاشنى ياقتۇرمايتتىم. چۈنكى يىغلاش ئاجىزلىق، مېنىڭ ئۇلار ئالدىدا ئاجىزلىققا تەن بەرگۈم كەلمەيتتى. بۇ قېتىم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىم قىزىمنىڭ مەڭزىگە تامدى. ئۇ چۆچۈپ ماڭا قاراپ ئوماققىنا كۈلدى. ئۇنى باغرىمغا بېسىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. مەن كېچىچە ئۇخلىماي خىيال سۈرۈپ چىقتىم، «مەن نېمىگە يىغلايمەن؟ مەيلى ئەمەسمۇ؟ ماڭا ئىلگىرى مۇھەببەتنى شۇ كىشى ئاتا قىلغان، يەنە ئۆزى ئېلىپ كەتمەكچى. ئۇ ئاجرىشىمەن دېسە مەن نېمە دەيمەن، ئۇنىمىسام ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ خارلىمامدىمەن؟ قىزىمنى ئۆزۈم باقىمەن. ئۇنىڭغا ھەرگىز كۆرسەتمەيمەن. چۈنكى ئۇ ئاشۇ ئوماق قىزىمنىڭ يۈزىنى

www.uyghurkitap.com

ئەسقەرجان ئەزىزى

# تېرەكلىك يول



(ھېكايە)

يېزا يولى، توپىلىرى يۇمشاق ھەم قىزىق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاسمانغا بوي تارتقان، قاتار كەتكەن سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئايىغىغا كۆز يەتمەيدۇ. ئىككى تەرەپتىكى سالا ئېتىزلاردىكى كېۋەز مايسىلىرى يەلپۈنۈشكە باشلىغان. ئېتىزمۇ، يولمۇ شۇنداق تىنچ. . . تېرەكلەر ئۈستىدىكى كۆپكۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا قارىغىنىمچە يېزىنىڭ يۇمشاق ئەمما قىزىق توپىلىق يولىدا يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتىمەن. ئۆزۈمچە مۇشۇنداق خىلۋەت، ھاۋالىق، شۇنداق تىنچ يېزا يولىدا ئۆزۈم يالغۇز خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. مۇنداق جايدا خىيال سۈرسەڭ، ساڭا ھېچكىممۇ دەخلى قىلمايدۇ ھەم سۈرگەن خىياللىرىڭمۇ شۇنداق شېرىن، ئارامبەخش. . . كۆز ئالدىمغا يەنە بىپايان ئېگىزلىك ۋە ئېگىزلىكلاردا پادىلارنى قوشۇۋېتىپ قوغلىشىپ، ئوينايدىغان يېزا باللىرى كەلدى. ھەممىمىز يالاڭ ئاياغ، يۇشقاقلار تۇرۇلگەن، ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلارمۇ بىز بىلەن بىللە يۈگۈرگەندەك. گۈلچىمەن ئاسلان قۇيرۇقى قىلىپ بوغۇۋالغان كىچىك ئۆرۈمە چېچىنى سىلكىگىنىچە ۋىخىلداپ قاچىدۇ. مەن ھەر قانچە كۆچىسەممۇ يېتىشەلمەيمەن ـ دە، ئۇ قەستەنگە تۇتۇلۇپ بەرگەن بولىدۇ. يېزا باللىرىنىڭ قىزىمايدىغان ئويۇنى ئاز ئىدى. چۈشتە قورساق ئاچقاندا، جىگدىگە چىقىپ ئىككىلا ئېغىتساق باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ قورسىقى تويغۇدەك جىگدە تورۇكلاپ چۈشىدۇ. ئويۇنىمىز تاكى كەچ كىرىپ، چوڭلار كېلىپ بىردىن ـ ئىككىدىن چاقىرىۋالمىغىچە تۈگىمەيتتى. . . كېيىنىن باللارنىڭ ھەممىمىز

چوڭ بولدۇق. نېمە ئۈچۈندۇر گۈلچىمەن ئىككىمىزنىڭ بالىلىقتىن قالغان رىشتىمىز قالمىدى. كېيىن ئۇنىڭ دادىسى هاشىم دۇيجاڭ: «قىزىمنى ئاشۇ نامرات مايماققا بېرەمدىم؟ ۋاي، دەپ قويۇڭلار. نېنى يېسۇن. . . » دەپ گەپ بەردى. شۇ ئاچچىقتا مەھەللىدىن بىر كېچىدىلا چىقىپ كەتكەنىدىم. مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەن شۇ كېچىسى مۇشۇ سۇۋادان تېرەكلىك يول بويىدا ئۆزۈم يالغۇز تازا ئىچىپ مەست بوپتىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئىچە هادى، بۈگۈن ئىچمىسەڭ قاچان ئىچىسەن؟ ئەمدى سەن ئەتىدىن باشلاپ بۇ يەردە يوق. . . » دەپ زورلىغىنىم ھېلىغىچە ئېسىمدە. شۇ كېچىسى چۈشۈمدە يەنە گۈلچىمەننى كۆرۈپتىمەن. مەن يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقۇدەكمەن. گۈلچىمەن مېنى نوقۇپ ئويغاتقۇدەك. ئەمما مەن ئۇنى كۆرەلمىگۇدەكمەن. ئۇنىڭ «هادى، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما. . . » دېگىنىنى ئاڭلاۋاتقۇدەكمەن. مەنمۇ ئۇنىڭغا: «گۈلچىمەن، سېنى ئۆمۈر بويى ئۇنۇتمايمەن. . . » دەپلا يىغلاپ كېتىۋاتقۇدەكمەن، ئۇنىڭمۇ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتقۇدەكمەن. . . ئويغانسام ئاي تۇغۇپ، تېرەكلىك يول ئاجايىپ تۈسكە كىرىپتۇ. مەن يول بويىدىلا يېتىپ قاپتىمەن. ئەتراپىمنى مەززىلىك ئەتىر پۇرىقى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەھەللە تەرەپكە قارىدىم. مەھەللە ئاي نۇرى ئاستىدا سىرلىق تۈسكە كىرگىنىچە تىپتىنچ ئۇيقىغا كەتكەنىدى. مەھەللە باغلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. مەن ئايدىڭدا قالغان مەھەللەمگە بەخت تىلەپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم- دە، تېرەكلىك يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتىم. سىرتلاردا قاڭقىپ يۈرۈپ كۆرمىگەننى كۆردۈم - تونۇرلاردا تۈنىدىم، ئاشخانىلاردا سۇ توشۇدۇم. ئېتىزلاردا يانچى بولدۇم. . . مەھەللەمدىكى ئاشۇ ئېگىزلىق، ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلار، سۇۋادان تېرەكلىك توپىلىق يول ئېسىمدىن زادىلا چىقمايتتى. كېچىلىرى بىر خىللا تەكرار چۈش كۆرەتتىم. يەنە شۇ سۇۋادان تېرەكلىرى كۆككە تاقاشقان، خىلۋەت توپىلىق يول. گۈلچىمەن ئىككىمىز نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ قاتار ماڭىمىز، نىگاھلىرىم ئۇنىڭ خەنجەر قاشلىرى ئاستىدىكى ئاھۇ كۆزلىرىدە قېتىپ قالغان. . . ماڭىمىز، ماڭىمىز. . . شېرىن چۈش تەسىرىدە خېلى كۆنلەرگىچە شوخ ۋە تېتىك بولۇپ قالىمەن. ئاشۇ سۇۋادان تېرەكلىك يېزا يولىنى تېخىمۇ بەك سېغىنىشقا باشلايمەن. مۇشۇنداقلا قايتىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ئاخىرى جياڭسۇلۇق بىر خەنزۇدىن سىركە ياساشنى ئۆگەندىم. ئاشۇ ئېگىزلىق، كۆك ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇتلار، سۇۋادان تېرەكلىك يېزا يولى مېنى يەنە ئۆز مەھەللەمگە چىللاپ كەلدى. مەھەللەمدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدىكىن؟!

مەھەللىگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم تېز تېپىشكە، هاياجاندىن ۋۇجۇدۇم يېنىك تىترەشكە باشلىدى.

يېزا يولى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. پەقەت ئېگىزلىقلار ئورنىدا چاسلاشتۇرۇلغان رەتلىك ئېتىزلار ياپيېشىللىققا چۆمگىنىچە تىپتىنچ ياتاتتى. يېزا ئادەملىرىدىچۇ؟! گۈلچىمەنمۇ بىر قانچە بالىغا ئانا بولۇپمۇ قالغاندۇ. قانداقراق ئەرگە چۈشتىكىن؟ . . . مەھەللە ئېغىزىغا - كىچىك ئېرىق بويىغا كەلگەندە خىيال يىپلىرىم ئۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆۋرۈك بېشىدىكى كېۋەز ئاختارمىسىغا سۇ تۇتۇشۇپ ئولتۇرغان بىر قانچەيلەن مېنى كۆرگەندى:

— ئوھوي، ھادىمۇ سەن؟ «لوڭگىدە» پەيدا بوپ قالدىڭا ئاداش، — كۆۋرۈك بېشىدىكىلەردىن رۇسۇل دورداي مېنى باشتىلا تونۇۋالغانىدى، — قانداق ئەھۋالىڭ، تىنچ كەلدىڭمۇ؟ شۇنداقمۇ يوق بولۇپ كېتەمسەن ئاداش...

— ياخشى، ياخشى. سىلەرمۇ تىنچ تۇرغانسىلەر؟ يۇرت ئىچى تىنچ - ئېسەنمۇ؟ قېرى - ساللار ئامان تۇرغاندۇ؟... — بىز ھاياجان ئىلكىدە خۇشال ئەھۋاللاشتۇق. مەھەللىگە كىرىشتىكى كۆۋرۈك، كۆۋرۈك بېشىدىكى ئىككى تۈپ قاپاق تېرەك، رۇسۇل... ھەممىسى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ مەن كۆرگەن شەھەر توغرىسىدا ئۆزلىرى بىلىدىغان يېڭىلىقلارنى سوراشتۇرغىلى تۇردى. بىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق. مەن بىر يەرگە ئالدىراۋاتقاندەك كۆڭلۈم بىر قىسىملا تۇراتتى. زادى ئۆزۈمنىڭ نەگە ئالدىراۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. زادى نەگە ئالدىرايمەن؟ مېنى باغرىغا بېسىشقا تەييار تۇرغان ئانام، ئېغىر ۋە تورلۇق قوللىرى بىلەن قولۇمنى قىسىپ ئەھۋال سوراشقا تەييار تۇرغان دادام... ھېچ نەرسەم يوق. كونا ئۆيۈممۇ بۇ كەمگە «ئېتىزغا توغرا كېلىپ قېلىپ» تۇزلىۋېتىلگەندۇر. ئەسلىدىلا ئالدىرايدىغان يېرىم يوق ئىدى.

ياشلاردىن بىرسى سۇ تۇتىدىغان، قالغىنى مېنى ئۆيۈمگىچە ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۆيۈم تېخىچە ساق. ئۆيۈمدە «كۆككۆل»-لىك ئىشلەمچىلەر ئولتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ھويلامدا قاپاق ۋە كاۋا باراڭلىرى. ئېتىزلىرىمدا سەي - كۆكتات، گۇل-غۇنچە، ئىككى ئەتراپىدا داۋ - دەرەخ... ئىش قىلىپ ئۆيۈم ئىلگىرىكىدىن كۆجۈم ئىمىش.

يول بويى ئاسمانغا بوي تارتقان سۆۋادان تېرەكلەرگە، مېنى ئارامسىزلاندۇرىدىغان توپىلىق يول، يول بويىدىكى چاسا ئېتىز، ئېتىزدىكى ئالىيېشىل كىيىنگەن دېھقانلار، كېسەك ئۆيلەردىن چىققان سۈس كۆكۈچ تۈتۈن... ھەممە، ھەممىگە قىزىقىپ قارايمەن. قاياقلاردىندۇر لەرزان ناخشا ئاۋازى، قايتقان پادىلارنىڭ مەرەشلىرى، كىشىلەرنىڭ قى - چۇلىرى ئاڭلىنىدۇ. كەچكى قوياشتا قىپقىزىل تاۋلىنىپ ياتقان مەھەللەم، مەھەللەمدىكى جىمى مەۋجۇدات ئۆز گۈزەللىكى بىلەن مېنى ھاياجانغا سالىدۇ. قەلبىمنى بىر خىل شېرىن ئىستەك قاپلايدۇ...

بىز ئۆيگە كەلگەندە كۈن غەربكە باش قويغانىدى. ئۆيۈم راستىنلا كۆكلەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تېخىمۇ شادلىققا چۆمدى. ياشلار بىردىن - ئىككىدىن تارقىلىشقا باشلىغاندا ھوشۇركام كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيىقنىڭكىدەك يوغان بەستى ئىشىكىمگە پاتمايدىغان. ئۆيگە كىرمەي ھويلىدىلا مېنى چاقىردى. بىز جىق ئەھۋاللاشتۇق. ئۇ مېنى ئۆيىگە تاماققا چىللاپ كەلگەنىكەن.

— ئۆزگەرمەپسەن ھادى. قانداق چىقىپ كەتكەن بولساڭ شۇنداق قايتىپ كەپسەن، — دېدى ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئىزىدا چېپپىدە توختاپ، ئۇستۇشىمغا قايتا سەپسالغاچ، — ئوخشىمايدىغىنى شۇكلەپ قاپسەن، — دەپ قويدى.

شۇ كۈنى مەن ھوشۇركامنىڭكىدە

قونۇپ قالدىم. مەن شەھەر توغرىسىدا، ئۇ يېزا توغرىسىدا مۇڭدىشىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمىدىم. كېچە چۈشۈمگە يەنە گۈلچىمەن كىرىپ قاپتۇ. بىز ئىككىمىز سۈۋادان تېرەكلىك يېزا يولىدا قاتار كېتىۋاتقۇدەكمىز. جىق گەپلەرنى قىلىشقۇدەكمىز. بىر چاغدا ئۇ ئىزىدا توختاپ: «قايتىپ كەلگەن ئادەم ئەجەب مېنى ئىزدەپ قويماپسەنىيا؟ مانا ئاخىرى مېنى ئىزدىگىلى سالدىڭ...» دەۋاتقۇدەك، مەن خىجىل بولۇپ: «نېمە ئۈچۈن كەلگىلى شۇنچە بوپتۇ، گۈلچىمەننى ئىزدىمىگەنىدىمەن؟» دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويغۇدەكمەن... ئەتىسى تۇرۇپ خېلى ئويلىنىپ قالدىم. تاماقتىن كېيىن گەپتىن-گەپ چىقىرىپ، ھوشۇركامدىن گۈلچىمەن ھەققىدە چاندۇرماي سورۇدۇم.

× ×

مەھەللىدە زادىلا ئۆزگىرىش بولمىغاندەك ئىدى. مەن چىقىپ كەتكىلى شۇنچە يىل بولدى. شۇنىڭدىن بېرى بەش قېتىم ئۆرۈك چېچەكلەپ بەش قېتىم مېۋە بەردى. بەش قېتىم خازان بولۇپ، بەش قېتىم يوپۇرماق تۆكتى. قانچىلىغان شاماللار چىقىپ، قانچىلىغان سۇلار ئېقىپ ئۆتتى. باھار كېلىشى بىلەن مېۋىلەر چېچەكلەپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر قۇياشقا قاراپ چىراي ئېچىپ، ھەشقىپىچەك، چىڭگىلەكلەر تاملىرىغا يامىشىپ، ھەممە ئەيىبلىرىنى يېپىپ كېتىدىغان قىڭغىر-قىيسىق دېھقان ئۆيلىرى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. يىراقلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان تاغ سۇلىرى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ كەلگەندە، ئۇششاق بالىلار ئۆستەڭ سۈيىگە ئەگىشىپ قى-چۇ كۆتۈرۈشۈپ يۈگۈرۈپ ماڭىدىغان دامبىلار، تورغاي، قارىغۇجا ۋە مەن ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئاللىقانداق قۇشلارنىڭ نەغمە-ناۋاسى چاڭ كەلتۈرۈۋېتىدىغان ئاپئاق بولۇتلار ئاستىدىكى سۈۋادان تېرەكلىك يېزا يولى... ھەممىسى شۇ پېتىچە — مەندىكى گۈزەل خاتىرە پېتى تۇرۇپتۇ. ھەتتا مەھەللە كىشىلىرىنىڭ ئاتايىن يېزا، ھەتتا شەھەرگىچە بېرىپ سىركە سېتىۋالىدىغان ئادىتىدىمۇ قىلچە ئۆزگىرىش بولماپتۇ.

مەھەللىدىكىلەرنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بولىدىغان. مەيلى كىمنىڭ ئۆيىگە كىرمەڭ، سىركە ئىشلەتمەيدىغىنى يوق. بازار كۈنلىرى بىر ھەپتە ئېتىزدىن چىقماي تازا ھارغان دېھقانلار، تاڭ سەھەردىلا ئالىيېشىل كىيىنىپ، بىرەر بوتۇلكىنىڭ بوينىدىن پۇرۇچ رەختلەر بىلەن باغلاپ قوللىرىغا ساڭگىلاتقىنىچە، سودىلىقىغا قوشۇپ سىركە سېتىۋالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ دەل مۇشۇ سىركە ياساش ھۈنىرىنى تاللىۋالغانىدىم.

مەھەللىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. گۈلچىمەننىڭ دادىسى بۇ قېتىممۇ بەش يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاش جاۋابنى ھوشۇركامدىن كىرگۈزۈپتۇ. مەن كېچە-كۈندۈز سېغىنغان مەھەللە، مەھەللىدىكى سۈۋادان تېرەكلىك يېزا يولى، كىچىك بالىلار يۈگۈرۈپ ئوينايدىغان ئېرىق بويلىرى، كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرگەن مەھەللە ئاسمىنىدىكى ئاق بۇلۇتلار... ماڭا يەنە سۆيۈملۈك بىلىنەتتى. مەھەللىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە چىدىمايتتىم. بۇ قېتىم مۇشۇ مەھەللىدىلا قەددىمنى رۇسلاشقا بەل باغلىدىم.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھوشۇركامنىڭ

يارىدىمى بىلەن سىركە ياساشقا تۇتۇندۇم. تېخى تەييارلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدىلا مەھەللىدىكىلەر: «ۋاي ھادى، سېنى سىركە ياساپتۇ دەپ ئاڭلاپ، پاكار سوقما تاملىق ھويلاڭدىن سىركە پۇرىغاندەك بولدى. مانا ھامماڭ سىركە سېتىۋالغىلى كىردى...» دەپ ھويلامدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ھالدا مېنىڭ خېرىدارىم بولغىنىغا رەھمەت ئېيتىپ، بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا تۈنجى تۈركۈمدىكى سىركىلەرنى بازارغا سالىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ يولغا سالدىم. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ھويلام راستتىنلا ئاۋات بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم.

— ھادى ئۇكام، ماڭا بىر جىڭ...

— ھادى بالام، بوۋاڭغا يېرىم جىڭ قۇيغىنە...

— ھادى، خان ئاچاڭ ساقلاپ كەتتى جۇمۇ، مانا بوتۇلكا...

تۈنجى تۈركۈمدىكى سىركىلەر ئىككى كۈندىلا قۇرۇقدالدى. سودام سۆدەك ئېقىپ بەرگەنىدى.

— ھادى ئۇكام، — دېدى ھوشۇركام سودامنىڭ ياخشى بولۇپ بەرگىنىنى بىلىپ، — سىركىگە سۈپەتسىز خام ئەشيا ئىشلەتمە. سۇ قوشۇپ قويما، قىسقىسى شەيتان ئازىلاشتۇرما. ھەم، ھەممىسى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالتە ئاي ياز پىژقىرىم ئاپتاپتا ئىشلەپ تاپقان ھالال پۇلى جۇما، — دەپ جېكىلىدى.

— خۇدا ساقلىسۇن ھوشۇركا. مەن شۇنداقلاردىنمۇ؟ — دېدىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، — سىزمۇ قەرەللىك كېلىپ سۈپەت تەكشۈرگۈچى بولۇپ بېرىڭ، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

ئارىدىن بىر - ئىككى ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سىركە ئىشلەش، سېتىش ئىشلىرىم ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۆزۈم يالغۇز زادىلا يېتىشەلمەي قالدىم. ئۆيۈمدىكى ھېلىقى «كۆككۆل»لىنىڭ ھاشىمكامنىڭ ئون يەتتە - ئون سەككىزلەر-نىڭ قارىسىنى ئالغان قىزى گۈلبادامنى ياندۇرالدىم. ئىككىنچى تۈركۈمدىكى سىركىلەرمۇ ناھايىتى بازار تاپتى. بىر مەزگىل ئۆتتۈۋىدى نېسىگە سىركە ئالدىغانلار ئاۋۇپ قالغىلى تۇردى.

— ھاي ھادى ئۇكام، ھاي پوندىلەك، ھاماچاڭ تۇرغىلى خېلى بولدى. قارىمايسىنا، — دەيتتى قايسى بىرلىرى بوتۇلكىلىرىنى تەڭلەپ، — مانا مانىڭغا... ھەببەللى، ئالە پۇلنى...

— ۋاي قويۇۋەرمەمدىلا...

— ئۇھۇي سەت بولدىغۇ ئەمىسە...

— ھادىجان بالام، ئانا دەمەتلىك بىرىنى ساقلىتىۋەتتىڭا، — دەيتتى يەنە بىرلىرى ئارقىدىنلا بوتۇلكىلىرىنى تاراڭلىتىپ، — مانا - مانا، خوش، داداڭ رەھمىتىدەكلا يىگىتتە سەن.

— ئاتا ئوغلى - دە، — دەيتتى يەنە بىرسى بوتۇلكا تەڭلەپ، — مانا، مانىمۇ بىراقلام... ۋاي - ۋۇي، رەھمەت ھە ئەمىسە، پۇلنى ئەتىلام...

بۇلارنى دەسلەپ ئانچە ئېغىر ئەپ كەتمىدىم. كېيىنچە دەسمىي غالتەككە چىقتى. ئايلانما مەبلەغ بولمىغاچقا، نېسىنى سۈيلەشتىن خىجىل بولۇپ يەنە مەھەللىدىكى قول ئىلكىدە بارلاردىن قەرز سوراشقا مەجبۇر بولدۇم.

نېمە ئۈچۈندۇر بۇ قېتىمقى سىركەم

تازا بازار تاپمىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن هوشۇكام قورۇدا پەيدا بولدى:

— هوي هادى، — دەپ كىرگەندى ئۇ جىددىي تەرىزدە، — قارىغىنا بۇ تۈزكورلارغا، ئىسىت. . .

— نېمە گەپ ئۆزى هوشۇركا؟

— نېمە بولاتتى، تېخى خەۋەرسىز ئوخشىمامسەن؟ يېزىلىقلار بىكارغا سىركە ئىچىپ قورسىقى كۆپكەن گەپ.

— بولدى، ئوچۇقلا دەڭە.

— ماقۇل، چېچىلما جۇمۇ ئەمىسە. مەهەللىدىكىلەر: «سىركىنى نېمىشقا نېسىگە بېرىدىكىن دېسەك، ئەسلى سىركىسى سۈپەتسىز ئىمىش. قاراڭلار، بولمىسا نېسىگە بېرىدىغان چۈشۈپ قالغان سىركە بارمىتى. . . سىركىسىدىن قۇرت-قوڭغۇز مىغىلدايمىش، سۇزۇۋېتىپلا نېسىگە تارقىتىۋاتارمىش. . . » دەپ يۈرگۈدەك. . .

بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى. بىر مەهەللىلىك ئىكەنمىز دەپ قىلغان ياخشىلىقىم ئۇچۇن بۇرنۇمدىن بەردى.

× • ×

نېمە ئۇچۇندۇر، ئاشۇ سۇۋادان تېرەكلىك يول، يول بويىدىكى شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتىدىغان لاي سۇ، مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. كۈندۈزى تىجارىتىمنى قىلاتتىم. كەچلىرى كۆڭلۈم ئاشۇ يېزا يولىنى تارتىپ قالاتتى-دە، ئايدىڭدا ئۆزۈم يالغۇز يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئاستىدا، ئاچچىق موخۇركام بىلەن هەمسۆهبەت بولاتتىم. مۇنداق كېچىلەر ماڭا دائىم نېسىپ بولاتتى — ئايدىڭدا هەممە جاي شۇنداق جىمجىت. يېنىك سەلكىن كىشىنى راهەتلەندۈرىدۇ. ئاي تېرەكلەر ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كۆك ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلىشىدۇ. گويا كۆز قىسىپ سەن بىلەن مۇڭداشماقچىدەك، بەزىلىرى لىككىدە سەكرەپ چۈشىدىغاندەك، يەنە بەزىلىرىگە بولسا قولۇڭنى سوزساڭلا ئۈزۈپ ئالغىلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇنداق خىلۋەت كېچىدىن هۇزۇرلىنىش ئەمەس، بەلكى كۆڭلۈم بىر خىل مۇڭلىنىدۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنە مۇشۇ سۇۋادان تېرەكلىك توپىلىق يولدا هاياتىمدىكى بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى — گۈلبادام مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا كىرىپ كەلگەنىدى. بۇ دەل مۇشۇ سۇۋادان تېرەكلىك يېزا يولىدا ئاچچىق موخوركا تارتىپ ئولتۇرغان بىر كۈز ئاخشىمى ئىدى.

ئۇزۇنغا بارماي گۈلبادام ئىككىمىزنىڭ تويى بولدى. هەممە كىشى تويىمىزنى تەبرىكلەشتى. ئەمدىكى هاياتىمنى تېخىمۇ مەنىلىك ۋە خۇشال ئۆتكۈزگەنمۇ بولار ئىدىم، ئەمما ئۇنداق بولمىدى. ئەكسىچە رەهىمسىز تەقدىر شامىلى قەلب كۆلبەمنى ۋەيرانە خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ قېتىم مەهەللىدىن چىقىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى مەهەللىگە تېخىمۇ چىڭ باغلىنىپ قالدىم. سۇۋادان تېرەكلىك توپىلىق يول قايتىدىن مېنىڭ ماكانىمغا، سالقىن ئايدىڭ كېچىلەر مېنىڭ دەردىمنىڭ گۇۋاهچىسىغا ئايلاندى. . .

تويدىن كېيىن مەن هوشۇركامنىڭ مەسلىهەتى بىلەن تىجارىتىمنى مەهەللىدىن قوشنا مەهەللىگىچە، يېزا بازىرىغىچە يۆزلەندۈردۈم. سىركىلىرىمنىڭ سۈپىتى هەقىقىي ياخشى بولغاچقا سىركە سودىگەرلىرى ئۇدۇل كېلىپ مەندىن توپ

www.uyghurkitap.com

ئالاتتى - دە، ئاپىرىپ پارچە ساتاتتى. مەھەللىدىكىلەر مەندىن ئالماي ئۇدۇل بېرىپ ھېلىقى سىركە سودىگەرلىرىدىن قىممەت ئالغان بولسىمۇ ماختىشىپ كېتەتتى. توپ سېتىۋالغانلارنىڭ سودىسى تېز بولغاچقا مېنى ئالدىراش قىلىۋەتتى. گۈلبادام سىركە سېتىشتىن سىركە ئىشلەشكە ئۆتتى. كۈندۈزلىرى ساتساق، كېچىلىرى سىركە ياسايتتۇق، ئۇ ماڭا ھەر جەھەتتىن كۆيۈنەتتى. گەرچە كۆڭلىرىمىز جاپادا بولسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم، بەختلىك ئىدۇق.

كۆز شاماللىرى ھۇشقۇيتۇپ، سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى توپىلىق يولدا پىلدىرلاپ يۈرگەن بىر كۈنى مەن گۈلچىمەننىڭ توي خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. دادىسى ئۇنى قوشنا مەھەللىدىكى كونا خۇمدانىنى خۇسۇسىي ھۆددىگە ئالغان روزەك قاۋان دېگەن قىمارۋازغا بەرمەكچى بوپتۇ. گۈلچىمەن ماڭا گۈلبادامدىن ئاجرىشىپ، ئۆزىنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىمنى ئۆتۈنۈپ گەپ ئەۋەتىپتۇ. گۈلبادام ئېغىر كۈنلەردە ماڭا ھەمنەپەس بولغانىدى. . . گۈلچىمەننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم.

ئۈزۈنغا قالماي سۇۋادان تېرەكلەر يالىڭاچلىنىشقا، توپىلىق يولنىڭ گۆڭگۈمى سوغ ۋە جىمجىت بولۇشقا باشلىدى — قىش مەۋسۇمى سۇۋادان تېرەكلىك توپىلىق يولغا ئاستا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

بۇ يىل قىش باشقىچىلا كەلدى. يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى دەسلەپ تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن قېرىلار: «بۇ يىل ياشلارغا كۆپ قازا كېلىدىغان بولدى. . . ئىسىت. . .»

دېيىشىپ ساقاللىرىنى تۇتۇشتى. تېرەك غوللىرىمۇ قاتتىق سوغۇقتا ئېتىلىپ، يول توڭلاپ ئۆلگەن قۇشلار بىلەن تولدى. بۇ قۇشلار يېزىچە مۇشۇ تېرەكلىك يولنى ئاۋات قىلغان قۇشلار ئىدى. ئارقىدىنلا قار يېغىشقا باشلىدى. تاكى باھارغىچە سوغۇق بوشاپ، قار توختىمىدى.

باھار كېلىپ ئەگىز ئېقىشقا باشلىغان بىر كۈنى گۈلبادام ئۇشتۇمتۇت ئۆيگە كەلمەي قويدى. ئۇ ئەتىگەندە سىركە قايىنتىش ئۈچۈن جاڭگالغا — مەھەللە ئايىغىدىكى توغراقلىقتا قاقشال ئەكەلگىلى چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ كېچىسى بىز خېلى بىر چاغقىچە قورساقتىكى بالىمىزغا ئىسىم تاللاپ چىققانىدۇق.

ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا ھېچنەرسە دەپ بېرەلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن. پەقەت ھېكايەمنىڭ ئاخىرىدا، گۈلبادام ۋە گۈلچىمەن ئىككىسىنىڭ تەقدىرىنى راستتىنلا بىلگۈسى بار مۆھتەرەملەرگە ھەسرەت ئىچىدە مۇنداق بىر ئاياغلىشىشنى ئاددىيلا ئېيتىپ بېرەلەيمەن:

ئىككى كۈندىن كېيىن، توغراقلىق يېنىغا سېلىنغان روزەك قاۋاننىڭ كونا خۇمدانىدىن گۈلبادام بىلەن گۈلچىمەن ئىككىسىنى كولاپ چىقاردۇق. گۈلبادام ئۈستىگە بېسىلىپ چۈشكەن سېرىق داشقاللارنى تاتىلاپ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قوللىرى، تىرناقلىرى قانغا بويىلىپتۇ. چېھرىدە تەگسىز ئازاب. گۈلچىمەن بولسا ئەكسىچە، خۇددى تۆشەكتە ياتقان بوۋاقتەك، چېھرىدە چەكسىز خاتىرجەملىك. . .

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بەدىنى مۇزلاپ بولغانىكەن.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ھۈسەيىن ئەسئەت

# «تاكسىلىق كۈتكۈچى»

(ھېكايە)

ئۇ، بۇ چوڭ شەھەرگە بالدۇرراق كېلىپ، ئالەمنى قاراڭغۇ باسماستا ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىۋالماقچىدى. بىراق ئالدىرىغان قالار دېگەندەك، ئۇ چىققان كونا ئاپتوبۇس يولدا تولا كاشىلا چىقىرىپ، ئۇنى بۇ ناتونۇش شەھەرگە بىر ئۇيقۇدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا ئەكېلىپ تاشلاپ قويدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئوڭ ـ سولىغا قاراپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئازغىنە قالغان سەپەرداشلىرى كۇندۇزدەك يورۇپ تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ قايسىدۇر بىر بۇلۇڭ كوچىلىرىغا غايىب بولۇشقانىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايتتى. «ئاپتوبۇستا بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ كەلگەن ھېلىقى پوسمىلاق چوكانىنىمۇ ئۇدۇل بارسا تاپالىغۇدەك يېقىن تۇغقىنى بار ئوخشايدۇ. ھە راست، ئۇلۇشكۇن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەھەردە بىر تۇغقان ئاچىسى بارلىقىنى ئېيتقاندەك قىلىۋاتاتتى. ھەي، بۇ كەمنىڭ ئاياللىرىمۇزە . . . بەلكى مېنى قېرى كۆرگەندۇ. ئۆزىمىز قېرىدەك كۆرۈنگەن بىلەن يانچۇقىمىزدا جاننىڭ ئاكىسى بارلىقىنى، تېنىمىزدە يىگىرمە بەش ياشلىق يىگىتتەك قۇۋۋەتنىڭ چاپچىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ ـ دە، ئۇ كاساپەتلەر. بولمىسا . . .» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئارقا تەرىپىدىن كىچىك ماشىنىنىڭ بەئەينى غىلجىڭ خوتۇننىڭ ئاۋازىدەك سوزۇپ چىققان سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قورقىنىدىن يۈرىكى تىترەپ، جېنى ئاغزىغا كەپلىشىپلا قالدى. «ئاھ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى قېچىپمۇ، مۆكۈۋېلىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. قاچقان بىلەن ئۇ دېگەن ماشىنا، تۆت قەدەم مېڭىپ بولغۇچە يېتىشىۋالىدىغان گەپ. مۆكۈۋالاي دېسە بۇ ناتونۇش، كەڭ، يورۇق كوچىدا نەگىمۇ مۆككىلى بولسۇن؟ كىچىككىنە چاشقان ئۇۋىسىدىن ـ بۇيانغا ئۆتسىمۇ كۆرۈنگۈدەك تۇرسا. ئەمدى جاننى قۇتقۇزۇپ، يانچۇقتىكىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئوخشايمەن. بۇ چوقۇم بىزنىڭ يۇرتتىكى ھېلىقى ماشىنا بىلەن كېلىپ ئادەم بۇلايدىغان بۇلاڭچىلارغا ئوخشاش بۇلاڭچىلار. بۇ چوڭ شەھەر بولغىنى بىلەن بۇنداق بۇلاڭچىلارنى باشقۇرالمايدىغان ئوخشايدۇ». ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تەشۋىشلىنىپ تۇرغاندا ھېلىقى سىگنال بەرگەن ماشىنا ئۇنىڭ يېنىغىلا كېلىپ توختىدى. ئۇ دىرىلدەپ تىترەپ تۇرۇپ ماشىنىغا قارىدى. بۇ باشقىچە ماشىنا ئەمەس، بەلكى ئۇ دائىم ناھىيە بازىرىدا كۆرۈپ تۇرىدىغان، ھەتتا تېخى بىر قېتىم ناھىيە بازىرىدا مەست بولۇپ قېلىپ ئەللىك يۈەنگە كىرا قىلىپ ئۆيىگە ئېلىپ چىققىلى سالغان، ئۈستىگە « TAXI » دەپ خەت يېزىلغان تاكسىلاردىن ئىدى. «ئەمدى بولىدىغان ئىش بولدى. بۇلاڭچىلار: «يانچۇقتىكى پۇلنى چىقار، يا بولمىسا پۇلۇڭغا تۇر ، » دەپ قالسا، پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، پەم بىلەن قۇتۇلارمەن. ئوغلۇمنىڭ قېشىغا بېرىۋالسام قالغان ئىشنى كېيىن بىر ئامال قىلارمىز. ھەممىدىن جان ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ » دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ. ئەمما، تاكسىدىن قانداقتۇر قولىدا تاپانچا ياكى پىچاق تۇتقان سۇرلۇك ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاپتوبۇستا بىرگە كەلگەن ھېلىقى چوكاندىنمۇ سېمىز، ئەگىتىپ قاشلىق ئەتكەن، يوغان كۆزلىرىگە سۈرمە تارتقان، كالپۇكلىرىنى لەۋ سۇرۇخ بىلەن بوياپ، يۇمىلاق يۈزىگە ئالا قويماي ئۇپا سۈرتكەن،

كۆكسى خۇددى بىر جۇپ گۇمبەزدەك كۆتۈرۈلۈپ، لىغىرلاپ تۇرغان چوكانسىياق بىر ئايال چىقتى ـ دە، شەھۋانىيلىق يامراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، دەقىقە ئىچىدە مىڭ خىل قىلىق بىلەن نازلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپلا قالغانىدى. «توۋا» دېدى ئۇ «ما جاھانىنىڭ كارامىتىنى! ئەمدى ئەر بۇلاڭچىلاردىن ئۆتۈپ، ئاياللارمۇ بۇلاڭچى بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ ‹ئالدامچى !›» ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە بۇ سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپ سالمىغىنىغا خۇش بولدى. چۈنكى نىيىتى بۇزۇلغانغا يامان گەپ قىلىش بالايىئاپەتنى ئۆزى باشلىغانلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ باشقا كەلگەننى كۆرۈشكە تەييارلىنىپ تۇردى. لېكىن ئەھۋال ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى. ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا بىر قۇر سەپسېلىپ بىر نەرسىنى پەملىگەندىن كېيىن، ئۆزىنى سىپايە كۆرسىتىشكە تىرىشىپ:

— ئاكا، ئۆزلىرى يىراقتىن كەلگەن ئوخشىمامىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، شۇنداق، — ئۇ ئاۋازىنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى.

— بىرەر مېھمانخانىدا ياتارلا؟

— بۇ چاغ بولغاندا مېھمانخانا نەدە دەيلا.

— بار، بار. مەن مېھمانخانا كۈتكۈچىسى.

ئۇ ھەيران قالدى. «نەدىمۇ مېھمانخانا كۈتكۈچىسى مېھماننى ئىزدەپ قوندۇرۇدىغان ئىش بولسۇن؟ بۇ ھەقىقەتەن ئالدامچىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە چىرايلىق نام قويۇۋالغىنىنى تېخى! پەخەس بولماي بولمايدۇ.»

ئايال ئۇنىڭ ئۆز سۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى ـ دە، دەرھال تاكسىنىڭ ئىچىدىن سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىچىلىك بىر كىنىشكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. ئۇ كىنىشكىدىن ئايالنىڭ رەسىمىنى، «كۈتكۈچى» دەپ يېزىلغان ئۇيغۇرچە خەتنىلا تونۇيالىدى. باشقا خەتلەر خەنزۇچە ئىدى. ئۇ ئايالغا باشقا باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتەلمەي ئاخىرى ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا قونىدىغان بولدى. ئەمدى ئۇنىڭچە بۇ ئايال ئالدامچىدەك كۆرۈنمەيتتى. «مەيلى ـ دېدى ئۇ، — مۇشۇ ياشقا كەلگىچە نى ـ نى كۈنلەرنىمۇ كۆرگەنغۇ؟ بەلكى چوڭ شەھەرنىڭ مېھمانخانىلىرىنىڭ مۇلازىمىتى مۇشۇنداق ياخشىدۇ. چوڭ شەھەر- نىڭ چوڭلىقى بولىدۇ- دە.» ئۇ شۇلارنى ئويلىغاچ تاكسىغا چىقتى. «قىزىق، بۇ يەردە ئاياللار ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ئېشەك ھارۋىسىنى ئاران ھەيدىيەلەيدۇ.» ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ماشىنا شەھەرنىڭ كەڭرى كەتكەن ئازادە، يوپيو- رۇق كوچىسىدا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. ئۇ ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى. كوچىدا پىيادە ياكى باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن كېتىۋاتقان بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئاندا ـ ساندا ئۆزى ئولتۇرغانغا ئوخشاش مۇشۇنداق تاكسىلار ئۇياندىن ـ بۇيانغا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ قالاتتى. «بەلكى ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش مېھمانلارنى توشۇۋاتقانلاردۇر» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى خۇددى ئەرشكە چىقىپ كېتىۋاتقاندەك يېنىك ھېس قىلدى ئۇ. ھەمدە مۇشۇنداق ھالەتنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى، ھەتتا مەڭگۈ مۇشۇنداق بولۇپ كېتىشىنى غۇۋا ئۈمىد قىلدىيۇ، ئارقىدىنلا ئۆزىنى خىيالدىن تارتىۋالدى. بەلكى بۇ چۈشۈمۇ تېخى دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىۋىدى ئوڭى ئىكەن. ماشىنا ئەگرى ـ توقاي كوچىلاردىن مېڭىپ يۈرۈپ ئائىلە قورۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تار كوچىلىق مەھەللىگە كىرىپ كىچىك بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى. ئايال ماشىنىدىن چۈشۈپ

ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا تەمشەلدى. ئۇمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئايالغا ئەگەشتى. ئايال ئۆيگە كىرىپ لامپۇچكىنى ياقتى. ئۆي ۋاللىدە يورۇپ دىماغقا قويۇق ئەتىر پۇرىقى كىرىشكە باشلىدى.

ئۆي ناھايىتى رەتلىك سەرەمجانلاشتۇ. رۇلغان بولۇپ، ئىشىكنىڭ قارشى تەرىپىگە ئىككى كارىۋات قويۇلۇپ ئۈستىگە بىر كىشىلىكتىن يوتقان - كۆرپە يىغىقلىق تۇراتتى. ئىشىك يېنىدىكى دېرىزە تۈۋىدە تۆت كىشىلىك ساپا، ئۇنىڭ ئالدىدا ساجى قويۇلغانىدى. ساجى ئۈستىدە ھەرخىل قورۇتۇلغان مېۋىلەر، چايدان، چەينەك ۋە تۆت دانە پىيالە تۇراتتى. ئايال ئۇنى ساپاغا باشلاپ پىيالىغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى - دە:

— مەن ماشىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كىرەي، — دەپ كۆزلىرىنى قىسىپ، كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇردى. چاي ناھايىتى تەملىك بولغاچقا بەك ئىچىشلىك ئىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۇ بىلەلمىدى. بىرسىنىڭ يۆلىشى بىلەن كارىۋاتقا باردى. ئاياغ، ئىشتان - چاپانلىرى سالدۇرۇلغاندەك بولدى. ئاھ، نېمە دېگەن راھەت! ماموقتەك يۇمشاق، سېمىز بىر بەدەن ئۇنى ئېچىرقاشلارچە قىسىپ - قىسىپ قۇچاقلىدى، تەلۋىلەرچە يالاپ سۆيدى. «خوتۇننىڭ راھىتى دېگەن مۇشۇنداق چاغدا بولىدۇ - دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن سەپەردىن قايتىپ كەلگىچە خوتۇن مېنى راسا سېغىنىپ قالغان چېغى.» ئۇ خوتۇننى مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلىماقچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى. «ئون بەش كۈن ئىچىدە شۇنداقمۇ سەمرىگەن بارمۇ؟ ئەجەب قولۇم ئۇنىڭ بېلىگە يەتمەيدا؟» بولۇۋاتقان ئىشلار ئوڭمۇ، چۈشمۇ ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. كېيىن قانداق بولغىنى ئېسىدە يوق. ئەتىگىنى ئۆزىنى ئاخشامقى ئاپتوبۇستىن چۈشكەن يەردە كۆردى. ئاخشام ئۇ بۇ يەرنى ئېنىق كۆرۈۋالغانىدى. «مۇشۇ يەردە قونغان ئوخشايمەن، ھېلىمۇ ياخشى شەھەر كۆزەتچىلىرى كۆرۈپ قالماپتۇ. بولمىغان بولسا ئاللىبۇرۇن ئۆزۈمنى كۆرىدىغان يەردە كۆرۈپ بولىدىكەنمەن. كېچىدىن خويمۇ تاتلىق بىر چۈش كۆرۈپتىمەنا!؟ ئادەم داق يەردە ياتسىمۇ شېرىن چۈش كۆرگىلى بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ خۇدا بۈگۈن ئىشىمنى ئاسان قىلغاي. كېچىدىن شەيتان ئاتلاپ قالغاندەك قىلىمەن، ئالدى بىلەن مۇنچىغا چۈشۈپ ئاندىن باشقا ئىشىمنى قىلاي.» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ تىنچ - ئامان ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، ئىچ كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھېلىقى بەش توقماقنى ئاختۇرۇۋېدى، يانچۇقى قۇرۇق بولۇپ چىقتى. ئۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەي باشقا يانچۇقلىرىنىمۇ ئاختۇرۇپ باقتى. ھەممىسى قۇرۇق ئىدى. پەقەت سالاھىيەت گۇۋاھنا. مىسلا جايىدا تۇراتتى. — ئاھ خۇدا! نېمە كۆرگۈلۈك بۇ!؟ ئۇرماي - تىللىماي مېنى پۇلدىن ئايرىپ قويۇپتىغۇ؟ ئالدامچى، كاززاپ! — ئۇ ئاخشام ئۆزىنىڭ بىر پور توغراق خوتۇن بىلەن تاكسىدا بىر يەرگە بارغىنىنى غۇۋا ئەسلىدى. — ئەسلىدە ئالدامچى ئىكەن - دە! تېخى ئۆزىنى «مېھمانخانا كۈتكۈچىسى» دەۋالغىنىنى قاراڭ ماۋۇ نىجىس شەيتاننىڭ!

ئۇ پېشانىسىغا شاپىلاقلاپ، تۇرغان ئورنىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

ئەكبەر ئۆمەر

# گەپ يۈزدە ياخشى

(ھېكايە)

1

قاسىم ئاكىنىڭ بۈگۈنمۇ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇ توي خېتىنى ئالالماي يەنە ئۇسال ئەھۋالغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ نۆۋەت يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىمۇ ھېلىقى توي خېتى بەرگۈچى خادىم ئاللىنېمىلەرنى ئېيتىپ ئۇنى يولغا سېلىۋەتكەنىدى. قاسىم ئاكا ئۆيىگە كېلىشى بىلەن ئايالى ئىتتىك ئېغىز ئاچتى:

ـ قانداق، ئەمدىغۇ بەرگەندۇ ئۇ خەتنى؟

ـ ياق، بەرمىدى، ـ دېدى قاسىم ئاكا ئۆزىنى سۇپىغا تاشلىغىنىچە، ـ ئۇ كىشى بىزدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىدىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا باشقا رەسمىيەتلەر تولۇق بولغاندىكىن بۇنداق كەينىگە سۆرەپ قويۇۋەرمەستى.

ـ مەن دېمىدىممۇ دادىسى، ئۇنى ئازراق رازى قىلايلى دەپ. گەپ ئەنە شۇنىڭدا. قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقاتتىمۇ ھازىر.

ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۆيلەپ قويماقچى بولغان ئوغلى ھەسەن ئوتتۇرىغا چىقتى:

ـ ياق، ئۇنداق كىشىنىڭ ئاغزىنى مايلىغۇچە بۇ توينى كېچىكتۈرىمىز.

بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قاسىم ئاكا ئىمە دېيىشنى بىلەلمەي جىمىمىدە بولۇپ قالدى. قارىغاندا ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدەك قىلاتتى. بىراق، ھېلىقى قىزىل يۈزلۈك، كېلەڭسىز تۇرقى بىلەن غادىيىپ ماڭىدىغان «سىدام باش» نىڭ كېلىنى قانداق مايلاش مەسىلىسى قاسىم ئاكىغا زادىلا ئارام بەرمىدى. دېھقان خەق ئۇچۇن بۇنداق ئىشلارنى قاملاشتۇرۇپ قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس ـ دە، شۇنداقتىمۇ قاسىم ئاكا ئۆزىنىڭ خىزىر يېشىغا ئۇلىشىپ قالغانلىقىدىن، كۆزىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئوغلىنىڭ تويىنى تېزرەك قىلىۋېتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

2

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە قاسىم ئاكا يەنە ئوغلى ھەم بولغۇسى كېلىنىنى ئەگەشتۈرۈپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كەلدى. بەختكە يارىشا بۈگۈن ئىشخانىدا ھېلىقى مەسئۇل خادىمدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

ـ يەنە كەپسىغۇ قاسىم ئاخۇن؟ ـ خەت كەسكۈچى تونۇلۇق بىلەن قاسىم ئاكىغا تىكىلدى.

ـ ئاشۇ تويىنىڭ ئىشى بولمىدۇ ئۇكام، قۇدىلار ئالدىراۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟

ـ شۇنداقمۇ؟ نىكاھ ئىشلىرىنى ئۇنداق ئاسان بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە.

ـ ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز

بۇ ئىشنى؟ — قاسىم ئاكا ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە كالتە ساقىلىنى سىيپاپ قويدى.

— تويىنى تېزرەك قىلىش پىلانلىرى بار ئىكەن - دە؟

— شۇنداق ئۇكام.

— ئۇنداقتا، مەن سىلىگە ياردەم قىلاي، ئۆيلىرىدىن بىرەر - يېرىم مال تېپىلارمۇ قاسىم ئاخۇن؟

خەت بەرگۈچىنىڭ بۇ گېپى بىلەن قاسىم ئاكا ھەممىنى چۈشەندى. شۇ تاپتا گويا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداق بىر ئەپچىل چارە كەلگەنىدى: «خەپ، ئەسلى ئىش ‹مال› دا ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەيلىلا، توي خېتىنى بىر ئېلىۋالاي قېنى، قالغان ئىشلار خۇداغا ئامانەت.»

قاسىم ئاكا «مال» ئىشىنى ئويلانغاندىن كېيىن ئىللىق، ئەمما مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— تېپىلىدۇ ئۇكام، يېرىمى ئەمەس، پۈتۈنلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

— ياخشى گەپ ئەمىسە، بۈگۈن كەچتە مېنى ئۆيدىن ئىزدىسىلە. بۇ ئىشلارنى شۇ ۋاقىتتا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى.

3

«مايلاش» مەسىلىسى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، نامازشام ۋاقتى بىلەن قاسىم ئاكا ئېغىلىدىكى تويغا ئاتاپ بېقىۋاتقان نەسىللىك قوچقارنى يېتىلەپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ يولدا كېلىۋاتقاچ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىمەكتە، خەت بەرگۈچىنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىغا نەپرەتلەنمەكتە ئىدى. «خەير، قوچقىرىم سېنىڭ ئېغىلىڭدا بىر نەچچە كۈن تۇرغىنىڭغا ئۇرۇقلاپ كەتمەس ئۇكا.»

ئۇ قوچقارنى خەت بەرگۈچى خادىمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندە ئەتراپقا ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇق يېيىلغان بولۇپ، نەسىللىك قوچقارنى كۆرگەن ھېلىقى كىشىنىڭ سۆرۈن تەلەتى بىردىنلا ئېچىلدى - دە، خۇشخۇيلۇق بىلەن قاسىم ئاكىنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ، بۇ ئىشنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشنى ئەسكەرتىپ، ئاستاغىنە مۇبارەك توي خېتىنى يېنىدىن چىقاردى... قاسىم ئاكا ئۆيىگە يول ئالغاندىن كېيىن خەت بەرگۈچى خادىم قول چىرىغىنى يورۇتۇپ ئېغىلغا كىردى. قوچقارنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يېقىملىق بىر سېزىم شۇررىدە تاراپ كەتتى: «پاھ!... پاھ!... تازىمۇ يارام قوچقار ئىكەنغۇ بۇ...»

4

قاسىم ئاكا توي خېتىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوغلىنىڭ تويىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزىۋالدى. ئەمدى ئۇ كۆڭلىدىكى پىلانى بويىچە قوچقارنى ئەكېلىۋېلىش ئىشىنى ئويلاۋاتاتتى. ئاخىرى ئۇ ھېلىقى كۈندىكىدەك مۇۋاپىق بىر پۇرسەتنى تېپىپ، خەت بەرگۈچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. قاسىم ئاكا ئاۋۋال بىر قۇر تىنچ - ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن ئاستاغىنە، لېكىن بىر خىل جىددىي تۈستە ئېغىز ئاچتى:

— بۇ كېلىشىمگە ھەيران بولماڭ ئۇكام، قوچقارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولسا ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتەي دېۋىدىم.

— نېمە؟... نېمە؟...— خەت بەرگۈچى ئاران شۇنداق زۇۋانغا كېلىپ، گۆشلۈك يۈزى ئىختىيارسىز لىپىلداپ كەتتى.

قاسىم ئاكا باشقا گەپ - سۆز قىلمايلا ئېغىلدىن قوچقارنى ئېلىپ ماڭغاندا خەت بەرگۈچى خادىم ئۆز ئورنىدا گويا ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى....

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

**ئادالەت ئابدۇرېھىم**

## نەسىرلەر

### ھىجران

مۇھەببەتنىڭ سىرلىق ۋەسۋەسىسى مېنى ئالجىتتى. مەن سېنىڭ سۆيگۈڭگە تەقەززا بولۇپ، ھازازۇل ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم. يالغۇزلۇقنىڭ گادىرماچ ئوي ـ خىياللىرى مېنى چاڭقاتتى. مەن يېگانە ھالدا سۆيگۈ جەزىرىسىدىن سەدەپ ئىزدەپ سارالڭ بولدۇم.

مۇساپىرلىقنىڭ يارامسىز قوللىرى دۈمبىسى بىلەن مېنى ئىتتىرىۋەتتى. مەن ناتونۇش كوچىلاردا، ناتونۇش كۆزلەرگە تەلمۈردۈم. موھتاجلىقنىڭ ئاچچىق نىداسى ـ مېنى چۈشكۈنلەشتۈردى. ئازاب ۋە ھەسرەتنىڭ ئاچچىق نادامىتى مېنى بىخۇتلاشتۇردى. مەن قارىغۇلارچە ئاق ـ قارىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىدىغان نادانغا ئايلاندىم.

پۇشايماننىڭ قۇرۇقدالغان قاچىسى مېنى ھېسسىيات تىلەمچىسىگە ئايلاندۇردى. مەن بىچارىلارچە ئاھ ئۇرۇپ، قولۇمدىن كەتكەن ئەڭگۈشتىرىم ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدىم.

### بەدەل

مەن پۈتۈن ھاياتىمنى سۆيگۈ ئۈچۈن بەدەل قىلماقچى. مەن تولۇق يېتىلگەن تېنىمنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ راھەتلىنىپ كۈلدى. مەن ئۇنىڭغا مەھلىيا بولغان ھېس ـ تۇيغۇمنى، ئوي ـ پىكىرلىرىمنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدىم. ئۇ ئىككى قوللاپ ئالدى. مەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى، غايە ـ ئىستەكلىرىمنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى . . .

مەن خاھىشىمنى، خاس تەلىپىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇ ماڭا قاراپ ئاچچىق خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. . .

### يېتىم سۆيگۈ

سۆيگۈ ۋە ھايات يولىنىڭ بىچارە دىۋانىسى بولۇپ قالغىنىڭنى ئاڭلاپ يىغلىغۇم كەلدى. قانداقلارچە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ سەن ئاشىقلىق سۆيگۈسىنى ھەر قانداق سۆيگۈنىڭ ئۈستىدە قويدۇڭ. ئاشىقلىق مۇھەببەت ئۈچۈن ھەر قانداق مۇھەببەتتىن — يۇرت مۇھەببىتىدىن، ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتىدىن، قېرىنداش ۋە دوست ـ يار مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچتىڭ . . .

ئاشىقلىق مۇھەببىتى بارلىق مۇھەببەتنىڭ تۈنجى ئەلچىسى بولسىمۇ، ئۆزگە مۇھەببەت ئۇنىمىگەن، ياق، قۇرۇپ قالغان قەلبىڭدە ياشنىيالمىدى.

سەن شورلۇق قەلبىڭدىن ھەممە نەرسىنى يۇلۇپ تاشلاپ، پەقەت ئاشىقلىق مۇھەببىتىنىڭ كۈچىدىنلا ئۈمىد كۈتكەنىدىڭ. كۈتكەن ئۈمىدلىرىڭ شۇ قەدەر زور ئىدىكى؛

بارلىق مۇھەببەتنىڭ ئۇرنىنى ئۇنىڭدىن تولدۇرۇۋالماقچى بولدۇڭ. دەل مانا مۇشۇ ئىستەك ئۇنىمۇ ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭ بەردەم پۇت – قوللىرى سېنىڭ سۆيگۈگە تويمىغان نەپسىڭ ئالدىدا گۇناھكارلارچە سۇندۇرۇلدى. ئۇنىڭ قانات – قۇيرۇقلىرى قانائەتلەنمىگەن ئارزۇلىرىڭنىڭ شاپىلاق ئۇرۇشى بىلەن پارچە – پارچە بولدى. ئۇنىڭ يېتىلگەن تولۇق مۇھەببىتى سېنىڭ ئىشقىۋازلىقىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندى. ئۇ ئاخىرى يېتىملىك كوچىسىدا قالدى. يېتىملىك كوچىسىدا قالدىلا ئەمەس، كور مۇھەببەت، ئەما مۇھەببەت، توكۇر مۇھەببەت بولۇپ قالدى. سەن ئۇنى ھارغىچە دومبالىدىڭ، پەشۋالىدىڭ، قانغىچە ئۇردۇڭ. ئۇ ئەمدى يالغانچىلىق تونىنى كىيدى. سەممىيەتسىزلىكنىڭ بەتبەشىرە جەندىسى بىلەن زىننەتلەندى. . .

مانا سېنىڭ قولۇڭدىكى مۇھەببەت ھەممىدىن ۋاز كەچتۇرگەن، ھەممىنىڭ ئۈستىدە قويغان مۇھەببەت ئەرزىمەس لاتقىغا ئايلاندى! . . .

تەھرىرى: مەتىسلىم مەتقاسىم

ئەنۋەر توختى

# دېھقان، قىز، قوم

(نەسىر)

سەدەپتەك چىشلىرىڭ بىلەن مەزىلىك تائام يەۋاتقىنىڭدا، ئوماق سىڭلىم سەن كۆڭلى – كۆكسى قوم بارخانلىرىدەك ئەمما بەختتىن بەھر ئالالماي يۈرۈۋاتقان بىچارە دېھقان ئاتاڭنى ئۇنۇتما. قارا، تومۇز ئىسسىقتا كۆڭلەكلىرى مىسقا ئوخشاپ قالغان دومبىسىگە چاپلىشىپ قاپتۇ. قۇياش سەتھىسىگە يول ئالغان پۇت – بارماقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان زەمزەملەر تەبىئەت ئانىنىڭ باغرىدا بىخ چىقارماقتا. يول – يول قورۇقلار باسقان ئانا تەبىئەتنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى توغراق قوۋزاقلىرىغا ئوخشاپ قالغان چىرايىدىن ئاي خىجىل بولۇپ ئۆزىگە بۇلۇتلار كەينىدىن جاي ئىزدىمەكتە.

ئەنە ئۇ تىككەن ئالما، ئانار، ئۈزۈم، نەشپۈت. . . كىشلەرنىڭ جاۋغايلىرىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە.

ئوماق سىڭلىم، بىلەمسەن. سەن قوم بارخانلىرىدەك كەڭ قورساق دېھقاننىڭ قىزى، ئۇنىڭسىز ئىنسانىيەتنىڭ تىنىقى توختايدۇ.

يەرگە قارا، بىر تال گۈرۈچ چۈشۈپ كەتتى. چاققان ئېلىۋەت! بۇ ئاشۇ دېھقان ئاتاڭنىڭ بىر يىل ئىشلىگەن ئەمگىكىنىڭ ئەڭ ئېسىل مېۋىسى. ئاغزىڭغا سال!

ئوماق سىڭلىم، سەن يېڭى تۇرمۇشقا چىقتىڭ، توي بولغان كۈنۈڭ ئېسىڭدىدۇر. بىز كۆرمىگەن، بىز چاقىرمىغان دېھقان دوستلىرىڭ، ھەدە ئاكىلىرىڭ كېلىپ بىزگە ياردەم قىلدى. مېھمان ئۇزاتتى. ئۇنىڭ مېھرىنى كۆرىۋال. شەھەردە ئۇنداق ئىش يوق. بۇ يەردە بارى ئۆلۈپ كېتىۋاتقان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ نالىسى. شەھەردە دېھقان كۆكسىدەك ئېغىناقلاپ ئوينايدىغان قوم يوق.

ئېسىڭدە بولسۇن، شەھەردە قوم بارخانلىرى كۆرۈش ئۈچۈن بىر مۇنچە بەدەل تۆلەيدىغان گەپ.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# قىسقا ھېكايىلەرنىڭ جەلپكارلىقى

## جاسارەت جاپپار

(ماقالە)

ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ۋاقىت قارىشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. چاقماق سەرەڭگىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت بولسىمۇ ۋاقىت تېجىگەنلىكى ئۈچۈنلا قارشى ئېلىندى. كىرىپلا تاماق يەپ چىقىپ كەتكىلى بولغىنى ئۈچۈن «تېز سۈرئەتلىك تاماقخانا»لاردا ئادەملەر مىغ - مىغ. ئۇلار ھازىرقى ۋاقىتنى تېجىگەنلىكنىڭ ئۆمۈرنى تېجىگەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاچقا، ئومۇمەن ۋاقىت تېجەيدىغانلىكى مەھسۇلاتلار كىشلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

سەنئەتنىڭ مەھسۇلاتى بولغان قىسقا ھېكايىلەرمۇ كىشلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە. ئۇنداقتا، قىسقا ھېكايىلەرنىڭ جەلپكارلىقى زادى نەدە؟

قىسقا ھېكايىلەر بۇرۇنمۇ بار ئىدى. بىراق، ھازىرغا كەلگەندە يازغۇچىلىرىمىز ئۇنى ھېكايىلەردىن ئايرىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئەدەبىي ژانىر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلتۈردى.

قىسقا ھېكايىلەر رېئال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر كارتىنىسى: تېز، بەدىئىي تۈستە سۈرەتلەپ بېرىشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ ئادەملەر ھېسسىياتىدىكى مۇرەككەپلىكنى، قاتلاملىقنى، پسىخىكىسىدىكى كەڭلىكلىك ۋە چوڭقۇرلۇقنى ھالقىما مەدەنىيەت تۈسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قىسقا ھېكايىلەر ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدىكى ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئاددىي ئەمما ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن، ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە يۈزلەندى.

قىسقا ھېكايىلەر ھازىرقى تۇرمۇش رىتىمىغا ماسلاشقان بولۇپ كىشلەرنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى خېلى ئوقۇرمەنلەر «بىر مىنۇتلۇق ھېكايە» دەپمۇ قويىدۇ.

قىسقا ھېكايىلەردە يۇمۇرىستىك تۇيغۇ بىر قەدەر قويۇق بولىدۇ.

قىسقا ھېكايىلەرنىڭ قىسقا دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ ھەجمى قىسقا بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنداق ئاتالغان بولماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تامچە سۇدىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە قۇياش نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا «پوست» بولمايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ قىسقا ھېكايىلەردە روشەن ئوبراز ھەم مۇھىت بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. روشەن ئوبراز، مۇۋاپىق مۇھىت يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشسە، بۇ ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قىسقا ھېكايە بولىدۇ. قىسقا ھېكايىلەردە ئوقۇرمەنلەر پېتىر مانتا يېگەندەك بىر چىشلەپلا ئۇنىڭ گۆشىنى يېيەلىشى كېرەك. شۇڭا يازغۇچى تېنتقۇلىرى تەڭشەلگەن «پېتىر مانتا» پىشۇرۇشى ئۈچۈن خۇددى ئۇستا فوتوگراف ئاسماندا چاقماق

چاقناندەك جىلۋىدار قىسقا كۆرۈنۈشنى ئۆزىنىڭ سەنئەت قارىشى، ئېستېتىك قىممەت ئۆلچىمى، سەنئەت پەلسەپە ئېڭى بويىچە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تارتىۋالغاندەك، تۇرمۇشتىكى، جەمئىيەتنىڭ خىلۋەت بۇرجەكلىرىدىكى ھادىسىلەرنى چوقۇم ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى كېرەك.

ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تىل چوقۇم ئالدىنقى مەزمۇن بىلەن كېيىنكى مەزمۇننىڭ لوگىكىلىق بىرلىكىنى ساقلىشى، شۇنداقلا ئالدىنقى مەزمۇن بىلەن كېيىنكى مەزمۇندىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ مېڭىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

قىسقا ھېكايىلەرنىڭ ئۇچۇر مەنبەسى ئىنتايىن مول. ھازىر مەملىكىتىمىزدە يىلىغا 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قىسقا ھېكايە ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. بىز بىر پارچە ئېسىل قىسقا ھېكايىدىن بىرنى ئوقۇساق، خۇددى تامچە سۇدىمۇ (ئەگەر سۇ تامچىسى سۈزۈك بولسا) قۇياش نۇرىنى كۆرگىنىمىزدەك ئۇ بىزگە نۇرغۇن تارىخىي بىلىملەر، ئەخلاق قېلىپلىرى، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، قىممەتلىك يېڭى پەلسەپىۋى قاراشلارنى ھەدىيە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىمىز تەدرىجىي كۈچىيىدۇ ـ دە، بۇ بىز تۇرمۇشتا ئىلگىرى ھېس قىلالمىغان نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنىڭ كۆز ئالدىمىزدا خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن پەرىزاتلاردەك نېپىز رۇباشكا بىلەن نازلىق جىلمىيىپ تۇرغانلىقىنى بايقايمىز. مانا، بۇ سەنئەتنىڭ بىزگە ئىنئام قىلغان بۈيۈك سوۋغىسى.

قىسقا ھېكايىلەر بېشىمىزدىكى بىر تال چاچ، بىر تال قۇم دانچىسى، بىر تامچە سۇ، دەرەخنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى، بىر تال نۇر دەستىسى. ئۇنىڭ نەپىسلىكى سەنئەتنىڭ مۇكەممەللىكىدە، رىتىمدارلىقى ئىدىيىدىكى جانلىقلىقتا ئەكس ئېتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قىسقا ھېكايىچىلىقىمىز ئوبدان تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. سان-سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان مۇئەييەن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ياخشى بىر تۈركۈم قىسقا ھېكايىلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، ئابدۇقادىر مەتسىدىقنىڭ «ئۇيقۇسىز كېچە»، «لەززەتلىنىش»، ئەنۋەر ھوشۇرنىڭ «ئىناۋىتىڭىز بولسۇن دەپ»، چوغلۇقنىڭ «ئىككى تامچە ياش»، «تىمتاس ئۇۋا» .... قاتارلىقلار.

لېكىن، قىسقا ھېكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى ئاپتورلار قىسقا ھېكايىلەرنى نوقۇل ھالدىكى ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى مەدھىيىلەيدىغان «شەرەپ مۇنبىرى» شۇنداقلا ئەسكى ئىش، ئەسكى ئادەملەرنى جازالايدىغان «جازا لاگىرى»غا ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇ ئەسەرلەر مەيلى بەدىئىيلىك ۋە مەيلى ئىجتىمائىي قىممەت جەھەتتىن بولمىسۇن ئۆلچەمدىن خېلىلا يىراق. ئوقۇرمەنلەرگە پىشقان ئۆرۈكىمىزنى تەڭلىيەلەيمىز، ئالدىراپ ئۆلارغا توك غورا تەڭلىمەيلى، چۈنكى، ئالدىراپ تەڭلىگەن توك غورا چوقۇم ئۆلارنىڭ چىشىنى قامىتىدۇ.

ھەجمى، قورۇلمىسى، تىل ئىشلىتىش سەنئىتى، ئوبراز يارىتىش ماھارىتى ... تەرەپلەرگە ئېتىبار بەرمەي، قىسقا ھېكايە «پەقەت قىسقا يېزىلغىنى ئۈچۈنلا قىسقا ھېكايە» بولۇپ قالسا، بۇ خىل خاتا قاراشنىڭ چەمبىرىكى ئاخىرى بىزنى ھالاك قىلىدۇ. تۇمۇچۇق گەرچە كىچىك جانىۋار بولسىمۇ تۆگە قوشتا بار «بەش ئەزا» ئۇنىڭدىمۇ بارغۇ؟ دېمەك، قىسقا ھېكايىلەرمۇ بىر پۈتۈن مۇكەممەللىككە ئىگە.

شۇڭا قىسقا ھېكايە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەڭ ئاپتورلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆزىتىش قابىلىيىتىمىزنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا، جانلىقلىققا ۋە چاقناقلىققا ئىگە قىلىپ «بەش ئەزاسى» بار بولغان مۇنەۋۋەر قىسقا ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غوجىئابدۇللا ناسىر

# شېئىرلار

## ئۆز ئۆيۈم

ئازدۇرۇپ «شەيتان» مېنى كەتتىم يىراققا ئۆز ئۆيۈم،
ئېرىشىش ئارزۇسىدا ئۆچمەس چىراغقا، ئۆز ئۆيۈم،
ھەر قەدەمدە ئۇچرىدىم ئاپەت، چاتاققا، ئۆز ئۆيۈم،
كەچمىشىمنى ياش بىلەن قاتتىم قوشاققا، ئۆز ئۆيۈم،
بەرگۈسى نەپ تەنبىھىم ھەر بىر قۇلاققا، ئۆز ئۆيۈم.

گاھى يۈردۈم دەشت ئارا، گاھى چىمەننى سەيرىتىپ،
گاھ ئۇچۇردى نەس قۇيۇن ئاسماندا خەستەك لەيلىتىپ،
گاھى چاپتىم ئات مىنىپ، گاھىدا يۈردۈم لاي ئېتىپ،
گاھى ئاپەت كەلدى قوش مىسكىن دىلىمنى ئۆللىتىپ،
گاھى چۈشتۈم بايقىماي قىلتاق - تۇزاققا، ئۆز ئۆزۈم.

گاھى سۈرتتۈم قوللىرىم دۇردۇندا، ئەتلەس - شايىدا،
بەتتىگە تەگدىم ئېغىز ھەتتا تومۇزدا سايىدا،
ئۆزگىگە تىللانى چاچتىم پادىشاھتەك گاھىدا،
گاھى زەمزەمدە يۇيۇندۇم ئېتىمكى «بولدى جايىدا»،
گاھ تاپالماي زاغرا، يالۋۇردۇم قورساققا، ئۆز ئۆيۈم.

«شۇ، — دېدىم، — ئاپەت دېگەن» باققاندا نازلىق قىزلىرى،
«ئاي ئەكەن چېھرى، — دېدىم، — چولپانغا ئەنداز كۆزلىرى»،
بىر لىرىك كۈي بوپ تۈيۈلدى خىلۋەتتە ئېيتقان سۆزلىرى،
«چاندۇ بەر ھەق، — دېدىم، — بۇ يەردە يۈرتنىڭ ئۆزلىرى»،
«ياق» دېسەم ھەتتا يۈزىن ياقتى ئاياغقا، ئۆز ئۆيۈم.

(يول دېگەن تۈپتۈز ئەمەس) گاھى يىقىلدىم پۇتلىشىپ،
«دوست» لىرىم باقتى قىيا، كەتتى بېشىنى سىلكىشىپ،
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر جاپادا قوپسام ئۈمىدلىك تىرمىشىپ،
(كۆلكىلىك) «دوستلار» يەنە كەلدى ماڭا قول بېرىشىپ،
نېمە دەي، يات جايىدا تارتقان دەردكە - پىراققا، ئۆز ئۆيۈم.

گەپ تامام! بولدۇمكى قۇل، گاھىدا بولدۇم «شاھ» تېخى،
ئۆرتىدى قەلبىمنى مىڭ ھەر كۈندە ئاشىقلىق دېغى،
چىقمىدى چېھرىمگە ھېچبىر ئۆزگىلەرنىڭ ئاش - يېغى،
ھەسلى بەتتام تېتىپ، يەتمىدى ئەترە ھىدى -
سەندە كاككۇك گۈللىرى چاچقان پۇراقتا ئۆز ئۆيۈم.

## كۆرسەتمىگىن. . .

كۆز يېشىمدىن گۈللەر ئېچىلدى،
ھەمراھ بولدى ساڭا مۇدام ياز.
يوللىرىڭغا چېچەك چېچىلدى،
بولۇپ رەڭدار، يۇمشاق پاياندار.

قۇياش چىقتى مېھرىمدىن كۈلۈپ،
نۇرغا كۆمدى سېنى - سېنىلا.
شادلىقىڭدىن شادلىق تۆرىلىپ،
غەم - ئازابلار باستى مېنىلا.

بارچە ئىشقىم ئاقتى سەن تامان،
(ئېرىقىنى چاپتىم قىشۇ - ياز).
ئىشق ئوتىدا قىينالدىڭغۇ جان،
سەن ئۆزگىگە ئەيلىگەچكە ناز.

سەن ئۆزگىگە ئەيلىگەچكە ناز،
ھەسەل بەتتام، كۈندۈز قاراڭغۇ.
پەرقسىزدۇر باھار، ياز، ئاياز،
مەن ھىجرىڭدە بولغان ساراڭغۇ.

ئەمدى سەندىن كۈتمەيمەن تەمە،
سۆيگۈ ئىشى شۇنداققۇ ئەركەم.
ئۆتۈنۈشۈم بار بىرلا ئەمما،
كۆرسەتمىگىن كۆزلىرىڭدە نەم.

## توي كۈنۈڭدە تۇتتۇم قارىلىق

كۈن نۇرلىنىپ كۈلگەن ئەتىگەن،
ھاۋا ئىدى سالقىن، ساپ، تازا.
كۆكتە لاچىن ئەركىن لەيلىگەن،
كۆي تۆكەتتى بۇلبۇل باغ ئارا.

جەننەت ئىدى سەھرايىم بۇ چاغ،
باغ چاچاتتى دىماققا ئەنبەر.
سۆيۈنگەنتى سولغۇن بۇ كۆڭۈل،
سولغۇنلۇقنى ئۇنتۇپ بىر مەھەل.

سولغۇنلۇقنى ئۇنتۇپ بىر مەھەل،
يايرايتتى دىل بولماس ئىدى غەش. . .
كەلمىسە گەر بىر پەس ياق مەڭگۈ،
لەنەت تەگكۈر ئاشۇ پوچتىكەش.

كەلمىسە گەر ئاشۇ پوچتىكەش،
تاپماس ئىدىم تويۇڭدىن خەۋەر.
بىرپەس شادلىق قۇچقان مىسكىن دىل-
يۇتماس ئىدى ھەسرەتتىن زەھەر.

× ×

بارالمىدىم ئەركسىز تويۇڭغا،
(بولمىسىمۇ يىراق ئارىلىق).
خىيالەنلا سوۋغا يوللىدىم،
توي كۈنۈڭدە تۇتتۇم قارىلىق.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇھەممەت تەشنائى

# ئىككى شېئىر

## ئەسسالام، يىپەك يۇرتى. . .

ئەسسالام گىلەم، ئەتلەس ماكانى لوپ،
ئەدىبكە ئىللىق قۇچاق ئاچتىڭ بۈگۈن.
ئەسسالام، كۆڭلى دەريا ئىشچان خەلق،
بىزلەرگە كەڭ داستىخان سالدىڭ بۈگۈن.

كۆردۈممەن سالا ـ سالا ئېتىزلارنى،
پۈركەنگەن يېشىللىققا ئەجەب كۆركەم.
كۆردۈممەن، ئاددىي، ئۇلۇغ ئادەملەرنى،
ھۆرمەتتە سالام بېرىپ نەچچە مەرتەم.

كۆردۈممەن، ئادەملەرنىڭ ئەجرى بىلەن،
گۈللىگەن جەننەت خىجىل باغلارنى ھەم.
چىن سۆيگۈم پىچىرلايدۇ قايىل بولۇپ:
پاك تەردىن كۈلەر ئادەم،
گۈزەل ئالەم. . .

بىلىمەن، سامپۇل، باغداد قەبرىلىرىدىن،
ئەجدادلار ئېتىقادى، تىلىكىنى.
قان ـ ياشتا ئارمان بىلەن كەتكەن ئۇلار،
تولدۇرماي ئۇنچىلەرگە ئېتىكىنى.

قۇچاقلاپ تارىخ، قىسمەت، ئىستەكلەرنى،
ئاقسىپىل شەھىرى ياتار تىنچ بۇ دەم.
يوقلىدىم تەزىم بىلەن تاۋاپ قىلىپ،
قەلبىمدە داۋالغۇدى ھۆرمەت شۇ دەم.

گۆپۈلدەر ئەجداد ھىدى بۇ تۇپراقتىن،
بىلىمەن، ئۆتكەن سانسىز ئاقىل، پالۋان.
يۇرتىنى، ئەقىدىنى قوغداپ مەھكەم،
ياۋ بىلەن چېلىشقانتى تۆكۈپ تەر، قان. . .

كۆردۈممەن، ئۆتمۈش، بۈگۈن، ئەتىسىنى،
بۇ يۇرتنىڭ جامالىدىن سۆيۈنۈشتە.
ئاڭلىدىم خىزىر سۈپەت دېھقانلارنىڭ،
كۈلكىسى، ئىستىكىنى كۆيۈنۈشتە. . .

ئادەملەر ئىلھام بېرەر ئىجادىمغا،
گاھ كۈلسەم، گاھى ئۆكسۈپ ياش تۆكىمەن.
باخاشلاپ مۇنبەت تۇپراق، مۇشۇ يۇرتنى،
ئۇلۇغلاپ ئوتلۇق ناۋا ـ كۈي تۆكىمەن. . .
ئاھ!
قەدىم يىپەك يۇرتى، ئىشەن ماڭا،
ئۈمىدىم، ھېسسىياتىم دولقۇن ياسار.

ئوبرازىڭ قەلىمىمدە جۇلالىنىپ،
بىرگۈزەل نۇرلۇقتاڭغا قاراپ چاپار! . . .

## ئېگەركەن تەبىئەتمۇ ئادەمگە باش

(يۇرۇڭقاش دەرياسى ئېلىشىپشى قۇرۇلۇشىنى زىيارەت قىلىپ، چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.)

سۆيۈنۈش، ھەيرانلىقتا قالدىم قاراپ،
بەڭۋاش سۇ بەكلا ياۋاش ئاقار بۈگۈن.
ئاپەتلەر ئامەتلەرگە بەرگەچ ئورۇن،
يېشىلدى تالاي قىسمەت، سىرلىق تۈگۈن.

ھەيۋەتلىك بېتون كۆۋرۈك تۇرار مەغرۇر،
شىددەتلىك كەلكۈن ئۇنى تەۋرىتەلمەس.
بۇنچە زور جاسارەتنى، كارامەتنى،
بەرگەن شۇ ئادەم نېچۈن خۇشال كۈلمەس؟! . . .

رەسىمگە چۈشتۈم مەنمۇ ئېپتىخاردا،
ئاستىمدا ھەيۋەت كەلكۈن نەرە تارتار.
ساپ ھاۋا سۆيۈندۈردى جانلىرىمنى،
تەپەككۇر قۇشۇمئەركىن پەرۋازقىلار. . .

يۇتقانتى يىرتقۇچلاردەك، ئادەملەرنى،
بىر چاغلار مۇشۇ دەريا شاۋقۇن سېلىپ.
قان-ياشتىن، ئاھۇ-زاردىن دولقۇنياساپ،
يۇرتقا زور ئاپەت، قازاكەلگەنئېلىپ. . .

ساناقسىز مۇنبەت ئېتىز لاي ئاستىدا،
قالغانتى بىر كېچىدە (نېمە ئامال؟ . . . )
ئاجىزنىڭ ئۆي، جېنى ھەم ماللىرىغا. . .
رەھىمسىز قۇچىقىنى ئاچقان زاۋال. . .

لوپلۇقلار ئۆزگەرتتى شۇ قاباھەتنى،
تىزگىنلەپ بەڭۋاش سۇنى قۇچتى نۇسرەت.
ئېگەركەن تەبىئەتمۇ ئادەمگە باش،
بولسىلا يۈكسەك ئۈمىد، تاغدەك غەيرەت.

بۇ ھالدىن كۆردۈم لوپنىڭ كەلگۈسىنى،
گۈللىنىش بەخش ئېتەر ئانا دەريا.
نامراتلىق يوقاپ، كۈلەر ئەزىز خەلقىم،
يەر ئەمەس،
ئايدا مەشرەپ ئوينار يانا. . .

تەھرىرى: مەتتىسلىم مەتقاسىم

ئابلىمىت سەمەت

# قاراقاش سىزمىلىرى

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

قاراقاش، ئاڭلىغانمەن تەرىپىڭنى،
گۈزەل دەپ، مېھىرلىك دەپ، سېھىرلىك دەپ.
ئالدىڭدىن قانچە ئۆتتۇم، لېكىن سېنى،
كۆرمىگەن بوگۈنكىدەك ئىنچىكىلەپ.

ئاڭلىغان يەتمەيدىكەن كۆرگەنگە، راست،
چېھرىڭگە قارىغانچە زوقۇم ئاشتى.
قارىدىڭ ماڭا كۈلۈپ، مەنمۇ كۈلدۈم،
ھېسلىرىم مېھرىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى.

شۇ ئەزىم دەريايىڭنىڭ كەلكۈنىدەك،
ئىلھامىم سىغماي قالدى قەلبىمگە ھېچ.
مەن ئۇنى قويۇپ بېرەي، ئەي قاراقاش،
بولمىسا قويمىغۇدەك مېنى تىنچ.

## سايە باغ

سايىباغنىڭ سېيى ئازلاپ تۈگەي دەپتۇ،
تەبىئەت قاقاسلىقنى ئۆگەيلەپتۇ.
تاشيوللار، توپا يوللار، مەھەللىلەر،
يېشىللىق قايىنىمىغا چۆكەي دەپتۇ.
ئېتىزغا سالام بېرىپ سېخىي ئۆجمە:
«سەن بىلەن دائىم ئىجىل ئۆتەي» دەپتۇ.
كېۋەزلەر سورتلۇق ئالما كۆچىتىگە:
«ئۈسۈۋەر ئارىمىزدا، كۆپەي» دەپتۇ.
باغلىرى ئەجەب سالقىن، خۇش ھاۋالىق،
مېۋىلەر يەرگە شەربەت تۆكەي دەپتۇ.

ئۆيىگە مېھمان كەلسە، ئۆي ئىگىسى:
«بېغىمدا بەزمە قىلىپ كۈتەي» دەپتۇ.
دېھقاننىڭ تەر – ئەجرىدىن، دىت – ئەقلىدىن،
بۇ يەردە يېڭى جەننەت پۈتەي دەپتۇ.
سايىباغلىق خالىماسكەن سايىنى پەقەت،
بىر ئۆمۈر سايە باغدا ئۆتەي دەپتۇ.

## قاراقاش دەرياسى

قاراقاشنى قاش قىلغان،
كۆئېنلۇننى باش قىلغان.
ئالتۇن، قاشتېشى چايقاپ،
سۈيى جاننى ياش قىلغان.

ھەر يانغا چېچىپ ئۈنچە،
ئېچىلدۇرۇپ گۈل – غۇنچە.
شاۋقۇنىدا – كۈيىدە،
گۈزەللىكنى پاش قىلغان.

يېشىل ئوسما قويغاندەك،
ئەتراپىدا ئورمان، تەك.
كەڭ كەتكەن ئېتىزلاردا،
بۇغداي، قوناق، ماش قىلغان.

يازدا ھوسۇل كۈيىدا،
ئىش قايىنتىپ بويىدا؛
كۈزدە ئۇخشىغان شالدىن،
شاھى سۇلتان ئاش قىلغان.

ئەي قاراقاش دەرياسى،
ئەي كۆكتۈللەر ھەمراھسى.
سەندىكى مېھىر – سۆيگۈ،
يىگىت – قىزنى شاش قىلغان.

باغلارنى باخاش قىلغان،
ئارمانىنى ھاپاش قىلغان.

گۈزەل ئارزۇ - ئارمانغا،
مېھنەتنى ئاداش قىلغان.

ئەي قاراقاش دەرياسى،
بويۇڭ بەيگە سەيناسى.
ئادىتىنى بۇ يۇرتنىڭ،
مەردانە ياشاش قىلغان.

### خاتىمە

نامىڭغا قىزىقاتتىم بۇرۇندىنلا،
قاراقاش — بۇ نەقەدەر يېقىملىق سۆز؟!
كېلەتتى كۆز ئالدىمغا شۇ سۆز بىلەن،
يۈرەككە ئوت سالغۇچى جۇپ قارا كۆز.

تاشلاندىم ئوت - يالقۇنغا سېنى كۆرۈپ،
بىلمىدىم، مەن كۆيدۈممۇ ياكى سەنمۇ؟
قارىسام ئەتراپىمغا مېھىر بىلەن،
ئاجايىپ گۈزەل ئىكەن ئوت دېگەنمۇ.

ئوت بىلەن سىزىۋالدىم دىلغا سېنى،
سىزغاندۇر يەنە قانچە - قانچە كىشى.
ئەرزىيدۇ پەخىرلەنسەڭ، ئەي ۋەتەننىڭ،
چىرايلىق ئەگىم - ئەگىم قارا قېشى!

**مۇھەممەتجان ئىسمايىل** (پوناقى)

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

# شېئىرلار

## هايا - ئىنساپنى ئەھكام[1] بىل

تىجارەت - سودىغا ھەرگىز ياراشماس ساختا، مەككارلىق،
بەرىكەتكە كۆيەندەدۇر ئەجىرسىز پايدا، نەپكارلىق.
كىشى گەر بولسا ئوقەتچى پىرى - ئۇستازنى يار تۇتقاي،
قىلىپ خېرىدارنى رازى ھەمىشە كۆڭلىنى ئۇتقاي.
ئىرۇر ئوقەتكە دەسمايە ھايا، ئەخلاق، نومۇس، ئىنساپ،
بۇ جۇملە چىن ھەقىقەتتۇر، ئەمەستۇر قىلچە يالغان - لاپ.
مىسال: ئىش - كارى يالغاننىڭ ھۇنەر - ئوقەتلىرى ئاقماس،
مەھەل - دەم ئاقسىمۇ، ئاخىر ئاڭا ھېچ خېرىدار باقماس.
ئىشىدا پايدا - نەپ بولماس مىكىر - نەيرەڭگە كۆڭگەننىڭ،
نىقابى يىرتىلار بىر كۈن ھارام يالماپ سەمىرگەننىڭ،
دېمەككى يىرگىنەر بارچە بۇ خىل ئوقەتچى نامەردتىن،
چىقار ئۇ شاللىنىپ ئاخىر تىجارەت - سودىدا رەتتىن.
شۇڭا ئوقەتچى بولساڭ سەن ھايا، ئىنساپنى ئەھكام بىل،
ئۇنى كەسپىڭگە جاھ ئەيلە، ئەبەدكە چىن ئىتائەت قىل!

[1] ئەھكام - قائىدە

## تەتۈر ئەقىدە

پەرزەنتلىرى غېرىب ـ بىچارە،
ھەر كۆڭلۈكى زاغرا غاجايدۇ.
ئەتىۋاردۇر ئىتلىرى ئاڭا،
كۆندە گۆش ـ ياغ، شېكەر چاينايدۇ.

ئۆزىدىن تا كىچىكلەرگىچە،
كۆزى نۇرسىز، ۋىل ـ ۋىل قاينايدۇ.
ئىتلىرىچۇ، يولۋاس سۈپەتلىك،
زەنجىر سىلكىپ گوم ـ گوم قاۋايدۇ.

•

تەنبىھ قىلسا ئايالى رەنجىپ،
ئىت مىسالى قوغلاپ تالايدۇ.
غودۇڭشىسا بالىلىرى ئەگەر،
رەھىم قىلماي قاتتىق ساۋايدۇ.

كېسەل بولسا بىرەر بالىسى،
كۆز ـ قىرىنى سېلىپ قويمايدۇ.
خامۇش بولۇپ قالسا ئىتلىرى،
قىلمىغان ھېچ كارى قالمايدۇ.

بار ئۇنىڭدا شۇنداق ئەقىدە،
ئىتلىرىنى بېقىپ ھارمايدۇ.
ئايالى ھەم پەرزەنتلىرىنىڭ،
نالىسىغا قۇلاق سالمايدۇ.

## *ۋەسىيەتنامە*

*(بىر پېشقەدەم يولچى تىلىدىن)*

بەش موچەل ئۆتتى بېشىمدىن بۇ مەھەل،
چاچلىرىمغا چۈشتى ئاق، مۈكچەيدى بەل.
ۋەسىيىتىم باردۇر سىلەرگە بالىلىرىم،
دەۋالاي يەتكۈنچە جانغا شۇم ئەجەل.
كۆيدۈم قىرىق يىل ساقمۇساق يول ئىشقىدا،
قىلغىلى خەلقىم ئۈمىد ـ ئارزۇسىن ھەل.
بولدى چۆل ـ دەشتلەر مېنىڭ جەڭگاھلىرىم،
يول ئۈچۈن تۆكتۈم تالاي ئەجرۇ ـ بەدەل.
بەزى توڭلاپ، بەزى قالدىم تالجىقىپ،
قىيىندى ۋە بەزىدە ئاغرىق ـ كېسەل.
ۋە لېكىن چەكسەممۇ قانچە مۇشكۇلات،
يېمىدىم ۋايىم ئاڭا زىنھار ـ تۈگەل.
پۈتتى ئەجرىمدىن تالاي يول بەلۋىغى،
چاقنىشى خۇددى ئۈنىڭ ئالتۇن زۆھەل.
ئەمدى ماغدۇر كەتتى تەندىن، قېرىدىم،
قالدى ئارزۇ ـ ئارمىنىم سىلەرگە دەل.
يول ياساشتۇر چوڭ ساۋاب، يوق تەڭدىشى،
دەيدۇ ئاپىرىن يولچىغا تامامۇ ئەل.
يول دېمەك، ئۇ يۇرت ـ جاھانىڭ رىشتىسى،
بولىدۇ ئۈنىڭدىن ئاۋامنىڭ بەختى تەل.
ئايىماي مېھنەت ـ ئەجرنى بالىلىرىم،
يول ياساڭلار ئانا يۇرت بولسۇن گۈزەل!
دىلغا پۈككەن ۋەسىيەتىمدۇر بۇ مېنىڭ،
ئۇشبۇ لەۋزىمگە قىلىڭلار چىن ئەمەل!

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

مامۇت ئۆمەر

# ئاتا - ئانا بىز ئۈچۈن قۇياش

رەنجىتمىگىن ئانا كۆڭلىنى،
ئاياپ ئۆتكىن ئىنىم بىر ئۆمۈر.
كۆز كۆندىكى نېپىز مۆزسىمان،
نازۇك كېلەر، ئەمەس ئۇ تۆمۈر.

غەم - ۋاشەتتە ئۆتىدۇ تۈنى،
يوقتۇر ئاتا ھېچبىر ئاراملىق،
ھىلال ئايدەك قالغان ئۆمرىنى،
تىنچ ئۆتكۈزسۇن، قىلما قاراملىق.

ھە دېسىلا قولۇڭنى شىلتىپ،
خوجايىنلىق قىلما ئانىغا.
ئانا ئۈچۈن ئاققۇزغىن قان - تەر،
يۈز كېلەرسەن شۇندا ئاۋامغا.

ئاتا - ئانا بىز ئۈچۈن قۇياش،
بولۇت بولۇپ توسما يۈزىنى.
يۈدۈپ مېڭىپ ئاپارساڭ ھەجگە،
ئاقلاپ بولماس ئۇلار ئەجرىنى.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

قەدىردىن قادىر

# *شېئىرلار*

## ئوغرىسىز ماكان

ئەلمىساقتىن تىنچ ماكان بۇ،
سىلىنمايدۇ ئىشىككە قۇلۇپ.
يوقتىشتىن بېپىلمەس ۋايىم،
مال - بىساتلار تۇرسىمۇ تولۇپ.

دېھقان ئۆيى ئۆز ئارا شۇندا،
ھاجەتمەندىن ئايرىماس نېمەت.
ئالماشتۇرۇش تەڭسىز بۇ يەردە،
قايسى ئەرزان، قايسىسى قىممەت.

ئېتىزلىقتا تۈنەيدۇ كەتمەن،
ئىت باقمايدۇ قوتانلارنى ھەم.
پاسىلى يوق تۇتاش باغلارنىڭ،
ئېتىلمىگەن شۇرىلارمۇ ھەم.

ئاسمان سۈزۈك قۇياش باشقىچە،
پەرۋاز تاپقان بۇ يەردە كامال.
تەييار دان يوق توخۇ - كەپتەرگە،
ئەركىن ياشار بولمىغاچ قامال.

يوقاپ كەتسە توخۇسى ئەگەر،
ئىزدەپ يۈرمەس مەھەللە قېزىپ.
پەيدا بولۇر بىر كۈن كەينىگە،
ئوماق بىر توپ چۈجىنى تىزىپ.

تاۋار ئەمەس باغنىڭ نېمىتى،
شۇرىلاردىن كىرمەس ئوماقلار.
ئازارلىشىش ياتتۇر بۇ يۇرتقا،
كۈتەر سېنى ئىللىق قۇچاقلار.

بۇ ماكاندا ئوغرى زىلال سۇ،
مېۋە ھىدى كېلىدۇ ئېقىپ.

بوران قېقىپ بەرسە ئالمىنى،
قاچار دائىم باغرىغا يېقىپ.

ئەلمىساقتىن شۇنداق ماكان بۇ،
ھايات ياشنار جەڭگى - جېدەلسىز.
روناق تاپار ھۆرمەت بۇ يەردە،
مويسېپىتلەر بولغاچقا ئەزىز.

### بۈيۈك ئىنسان

سەن زېمىنغا تۆكۈلگەن يامغۇر،
يېشىللىقتا قالار نىشانەڭ.
سەن پەرۋانە ئوتقا مۇئەللىم،
قەيسەرلىكتە كۆيەر پېشانەڭ.

خىلۋەتتىكى جىمجىت بۇلاقسەن،
شارقىرىمايسەن داۋراڭ كۆتۈرۈپ.
ئاپئاق توزان ئىچرە كېتەرسەن،
بەلكى ئاجىز - ئاجىز يۆتۈلۈپ.

سەن كارۋانسەن ماڭسەن تىنماي،
بۇ زېمىندىن يۇلتۇزنى كۆزلەپ.
ئىزلىرىڭدا سانسىز ئەۋلادلار،
كېلەر دۇنيا سىرىنى سۆزلەپ.

سەن چۆلدىكى قەيسەر گىياھسەن،
جىسمىڭدا يوق قىلچىلىك پەرداز.
سەن ئاشۇنداق ئاددىي ئىنسانسەن،
ئۇلۇغلىقىڭ تاغلارغا ئەنداز.

### ئېتىز گويا شاھمات تاختىسى

سۈپەت ئۈچۈن دېگەن باشقىلار،
ئېتىز گويا شاھمات تاختىسى.
ھەقىقەتكە قارساڭ يوقتۇر،
بۇ سۈپەتنىڭ قىلچە ساختىسى.

ئېتىز ئۆزى شاھمات تاختىسى،
تۈگىمەيدۇ تۆت پەسىل ئويۇن.
ئايرىلمايدۇ سەھنىدىن دېھقان،
بېسىپ كەلسە شۇۋرغان - قويۇن.

ئېتىز بېرەر ھوسۇلنى شۇندا،
دېھقان ماڭسا دائىم يەڭ تۈرۈپ.
دېھقاندىمۇ بولمىسا غەيرەت،
ئېتىزلىقتا قويار ئۇتتۇرۇپ.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

مۇنەۋۋەر قۇربان

## قاشتېشى

سەن دىلىمدا نۇر ئانا، ئاتەش ئانا،
قوينى كەڭ ئىللىق ماكانسەن قاشتېشى.
سەندە ئىرپان مەشئەلى چاقنار مانا،
گۈل - باھار سەزدىم سېنىڭدە ياز - قىشى.

سەر خىلى، سەردارى سەن دىل - خانەنىڭ،
شۇ سۈزۈكلۈك بىرلە پارلاپ ئىچ - تېشى.
بىر قوياش كۆردۈم يۈزۈڭدە جانەنىڭ،
قۇت - بىلىم ھەردەم يۆلەنچۈك ھەم ئىشى.

ئىتتىپاقلىق ناخشىسى قەھ ـ قەھلىشىڭ،
ھېچ كۆرۈنمەس سەندە ئاۋام كۆز يېشى.
ھېكمىتى زور ئەلگە بەرگەن كۈچ ـ ئىشىڭ،
سەن ئۆزۈڭ ئېراندا بولغاچ ئەل بېشى.

جان ئانامسەن، ھەمدە دوستۇم ـ پاسبان،
سەن كۆڭۈل ـ كۆكسۇم باھارى، كەچمىشى.
بىر قەدىردان مۇڭدىشىمسەن جانىجان،
ھەر دەقىق سۆھبەتتە ھەمراھ دىلكىشى.
تەھرىرى: مەتسلىم مەتقاسىم

ئابدۇمىجىت دولانى

# ئىككى شېئىر

## ئايرىمغىن

ئەي ئىلاھ بەندەڭنى ئۆز تۇپراقىدىن ئايرىمغىن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيار، ئايماقىدىن ئايرىمغىن.

ئۆز يېرىدە ھەممە ئادەم خۇددى تۇغقان كۆرۈنەر،
قان ـ قېرىنداش، يارۇ ـ دوست، ئامراقىدىن ئايرىمغىن.

يۇرتتا بولسۇن قىش، باھار، ئىللىق مۇھەببەت ساڭا يار،
ھەر چېچەك، ھەر گۇل ـ گىياھ پۇراقىدىن ئايرىمغىن.

تويلاردا مەشرەپ ـ بەزمىسى، جۇشقۇن يىگىت ـ قىز نەزمىسى،
ئۆز كۈيۈمدەك شوخ ناۋا ـ قوشاقىدىن ئايرىمغىن.

ياقا يۇرتتا تېتىماس ئاغزىمغا سۇ، مەيزاپلىرى،
مىڭ دېڭىزغا بەرگۇسىز بۇلاقىدىن ئايرىمغىن.

بۇ دولانى ئېيتىدۇ: بولغاي بۇ يۇرت مەڭگۇ ئامان،
ئۆز ئانامنىڭ باغرىدەك قۇچاقىدىن ئايرىمغىن.

## تەڭ

سەن ئۆزۈڭنى چاغلىساڭ تاغ ماھىيىتىڭدە دۆڭگە تەڭ،
يۈز نومۇرلۇق ئۆيلىساڭمۇ ئىمتىھاندا نۆلگە تەڭ.

ياپيېشىل باغدەك كۆرۈنسە تاشقى سۆلەت زىنىنىتىڭ،
ئىچى كاۋاك پور كۆتەكسەن ياكى چاڭقاق چۆلگە تەڭ.

بۇ ئۆمۈر ئۆتكۈنچى كارۋان ئالتە كۈنلۈك سەپىرى،
بىزگىمۇ باقىي ئەمەس دۇنيا، كۆزەتسەڭ دەڭگە تەڭ.

ياخشى ئەخلاق ئۇز خۇلۇق جىسمىڭدا ئۈنسە گۈل بولۇپ،
بارچە ئەلنىڭ قەلبىدە سەن ئەۋلىيا ـ ھاتەمگە تەڭ.

ئاشۇ چاغ ئەل ئۆز بىلىپ، باشتا كۆتۈرگەي گۈل ئېسىپ،
خىسلىتىڭ قۇياشقا ئوخشاش شۆھرىتىڭ ئالەمگە تەڭ.

بۇ دولانى ئېيتىدۇ ئۆگەن بولۇپ سەن كەمتىرى،
ياشىغىن بولماي نادان، ھەقىقىي چىن ئادەمگە تەڭ.
تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

گۈلجامال تاشتۆمۈر



# مۇھەببەت ئاھى

(ھېكايە)

مەكتەپ زالىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئۇزىتىش زىياپىتى تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. گىتارچى يىگىتنىڭ ياڭراق ئاۋازى يىراققا، تاكى ئۇپۇققىچە بېرىپ زېمىنغا، چەكسىز ۋادىلارغا سىڭىپ كېتەتتى. شۇدەمدە قىز-يىگىتلەرنىڭ قەلبىدە ھەسرەت، خۇشاللىق كەيپىياتلىرى دەممۇ دەم ئالمىشاتتى. ئالىيېشىل چىراغلارنىڭ زەڭگەر نۇرلىرى ئىچىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ھەر خىل چىرايلار، دولقۇنسىمان بۇدۇر چاچلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيۋاتقان ھالقىلار خۇددى قارا بۇلۇت ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىۋاتقان ئاينى ئەسلىتەتتى. ھالرەڭ لەۋلەر ئىچىدە كۆرۈنۈۋاتقان ئاپئاق چىشلار، ياش لىغىرلاۋاتقان شەھلا كۆزلەر، زەردە بىلەن ئۆرۈلگەن رومكىلار، ئايرىلىش ئازابى يېنىۋاتقان چىرايلار كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى. بۇنداق پىغانلىق كەيپىياتتىن پەقەت گۈزەللىكى بىلەن شەپقەتلا خالىي ئىدى. ئاددىي لېكىن يارىشىملىق كىيىنگەن، ئۇزۇن قاپقارا چاچلىرىنى بىرلا ئۆرۈپ ئالدىغا تاشلىۋالغان گۈزەللىكى ئاي يورۇقىدا شۇنچىلىك لاتاپەتلىك ھەم ئوماق



كۆرۈنەتتى. ئېگىز بويلۇق، قاش-كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان شەپقەتنىڭ يېقىملىق چىرايىدىن ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل يىگىت ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— بىلىسىز شەپقەت، مەن يالغۇز قىز، دادام ئۆلۈپ كەتكەن. تۇرمۇشنىڭ بېسىمى بىلەن ئانام ئىككى بالىسى بار بىر ئادەمگە ياتلىق بولدى. كېيىن ئۇ ئۆگەي داداممۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئىككى ئوغلى ئانامغا قالدى. بىراق ئۇ ئىككى «ئاكام» ئانامنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. بىچارە ئانام ئاكىلىرىمدىن قورقۇپ چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ... سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولمىغان بولسا ئاللىقاچان ئوقۇشتىن چېكىنگەن بولاتتىم. سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن شەپقەت. — گۈزەلئاي ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى - دە، كۆزلىرىنى يىراققا تىكتى، — ئانام مېنى مەكتەپتە ئوقۇتىمەن دەپ قانچىلىك جاپالارنى تارتمىدى دەيسىز؟ ئانامنىڭ ئەمدى مەندىن ئايرىلىپ ياشىغۇسى يوق. مەنمۇ ئەمدى ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ گۈزەلئاي. سىزنىڭ ئانىڭىز مېنىڭمۇ ئانامغۇ؟ ئىككىمىز بىرلىكتە باقمامدۇق؟ ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ھاياتلا بولسام سىزنى ئېغىر كۈنگە قويمايمەن. بىز ئۆز ۋاقتىدا «بىر - بىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمىز» دەپ ۋەدىلەشكەن. تەلىپىمگە قوشۇلۇڭ، خىزمەت تەقسىماتىڭىزنى بىزنىڭ يۇرتقىلا توغرىلايلى.

— مېنىڭغۇ سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ھەرگىزمۇ رەت قىلغۇم يوق شەپقەت. سىز دېگەندەك قىلساقمۇ بولاتتى. بىراق ياشىنىپ قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن ئايرىلىشنى خالايدۇ دەمسىز؟

— گۈزەلئاي سىزمۇ گېپىڭىزدە چىڭ تۇرۇۋالماڭ. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقامسىز - يا؟

— مەيلى ئەمىسە، مەنمۇ ئامال بار تىرىشىپ باقاي. سىزنى دېسەمغۇ ھەممىدىن ۋاز كەچكىم بار شەپقەت. بىراق ئانامنى ئايىمىسام بولمايدۇ - دە!

— گۈزەلئاي، سىز نېمە دېگەن ياخشى - ھە؟ مېنىڭ قەلبىم سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز بىلەن تولغان. ئۇ خۇددى قۇياشقا ئوخشاش مېنىڭ پۈتكۈل جىسمىمغا ، روھىمغا ھاياتلىق، ئالەمچە بەخت، ھەم سۆيگۈ ئاتا قىلىپ، مېنىڭ ھاياتقا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى كۈچەيتىدۇ. شۇنداقمۇ گۈزەلىم؟ — شەپقەت گۈزەلئاينىڭ مۇرىسىدىن يېنىك قۇچاقلىدى.

— سىزنىڭ مانا مۇشۇنداق لىرىكىلىق سۆزلىرىڭىزگە مەن بەك ئامراق.

— مېنىڭ سىزگە بولغان قەلبىممۇ بىر لىرىكا، مەن كەلگۈسىدە مۇشۇ لىرىكىلىق ھېسلىرىمنى ئىپادىلەپ نۇرغۇنلىغان مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازىمەن. بىراق شۇ گۈزەل غايىلىرىمنى بەربات قىلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەردە...

— ئەگەردە ئۇنداق قىلىۋەتسىڭىز مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئەمەس، نەپرەت لىرىكىلىرىنى يازىمەن دەڭ، — گۈزەلئاي بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

— ياقەي. شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ؟

— ئاھ، شەپقەت؟!...

— گۈزەلئاي، مېنىڭ قۇياشىم!...

شادلىققا تولغان بۇ ئاۋازلار تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدە تەرەپ - تەرەپكە ياڭراپ، ئاخىر تىمتاس گۈگۈم ئىچىگە سىڭىپ كەتتى...

× ×

مەكتەپ ئالدىدىن ئېگىز تاغ باغرىغا

ئۆتىشىدىغان دەريادا تىنىمسىز ئېقىۋاتقان كۆپكۆك سۇ شاۋقۇن سېلىپ ھەيۋەت بىلەن ئاقماقتا. ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۇرۇۋالغان شەپقەت ئاخىرقى بالىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن يەنە دەرياغا كىردى. ئۆركەشلەپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ھەيۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇ شەپقەتنى ھە دېسىلا قايىنام ئىچىگە سۆرەيتتى. ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ بولۇپ، يۈزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى - دە، قىرغاقتىكى يۇمران ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. شەپقەت ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شاۋقۇن - سۈرەنلىك شەھەردىن ئايرىلىپ، تەقسىمات بويىچە تاغلىق يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىل بولايلا دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ گۈزەلئاي بىلەن بولغان خەت - ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقان. گۈزەلئاي خېتىدە شەپقەتنى كۈتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېنىغا چوقۇم بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىراق... ئۇ بۇ كۈنلەرنى قانچىلىك ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. دەرستىن چۈشۈپ، قولى ئىشتىن بوشىسىلا ئالىي مەكتەپتە ئۆتكۈزگەن ئۇنتۇلماس شېرىن مىنۇتلارنى، ئارچا دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ گۈزەلئاي بىلەن قىلىشقان پاراڭلارنى ئەسلەش بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. شەپقەت ئازاب ئىچىدە گۈزەلئاي بىلەن تونۇشقان تۇنجى كۈننى ئەسلىدى...

× ×

باغ ئارىلاپ كېلىۋاتقان شەپقەت بىر تۈپ ئارچا دەرىخىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرغان كىتابنى كۆرۈپ قالدى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— بۇ كىتاب سىزنىڭمۇ؟ — دېدى شەپقەت چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىنى قىزنىڭ گۈزەل قامىتىگە تىكىپ تۇرۇپ.

— ھەئە، مېنىڭ ئىدى، — قىز تەمتىرەپ قالدى.

— «ئارچا ياپرىقى»... بۇ كىتابنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. سىز كەلمىگەن بولسىڭىز بۇ كىتابىڭىزنى ئوغرىلاپ كېتەركەنمەن، — دېدى شەپقەت چاقچاق ئارىلاش. بىراق قىز ئۇنىڭ ئالدىدا تارتىنىپلا تۇراتتى.

— «ئارچا ياپرىقى» نى ئارچىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇسا نېمە دېگەن پەيزى - ھە!

— رەھمەت سىزگە، — دېدى قىز شەپقەتنىڭ قولىدىن كىتابنى ئېلىۋېتىپ، شۇ ئارىلىقتا ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارى قىزىل-گۈلدەك قىزاردى. شەپقەت ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىپ بارغان قىزنىڭ كەينىدىن غەلىتە بىر تۇيغۇ ئىچىدە تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ شەپقەت گۈزەلئاي بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇردى. شەپقەت شوخ، ئوچۇق - يورۇق يىگىت ئىدى. گۈزەلئاي دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز قىز ئىدى. شەپقەتنىڭ خۇش چاقچاق مىجەزى ئاخىرى گۈزەلئايغا يېقىپ قالدى بولغاي، كېيىن ئۇمۇ شەپقەتنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ تۇرمايدىغان، ئۆزىنى خېلىلا ئەركىن تۇتىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق شەپقەت ئۇنى ئىزدەپ بارمىسا قىز بىرەر قېتىممۇ شەپقەتنى ئىزدەپ كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ گۈزەلئاينى

ئىزدەپ بارغان چاغلاردا ھامان قىزنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولاتتى. كېيىن شەپقەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا گۈزەلئايغا نىسبەتەن بىر خىل غەلىتە ئۇچقۇننىڭ يېلىنجاۋاتقانلىقىنى، بۇ ئۇچقۇننىڭ گۈزەلئايغا — ئۇنىڭ سەممىي پاك مۇھەببىتىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆز قەلبىدە بۇ تۇيغۇنى راست ھېس قىلغان چېغىدا ئۇ دىلرابانى ئىزدەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى بىرەر يەردە كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ئۇنىڭدىن ھېيىقىدىغان، كۆرسە يۈزى قىزىرىدىغان، كوچىلاردا روبىرو كېلىپ قالغان چاغلاردا بولسا ئۇنىڭغا ئوڭلاپ بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. گۈزەلئايغا بولغان ئاشىقلىق ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇش چاقچاق مىجەزىنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ مىسكىن، ھەمىشە مەيۇس يۈرىدىغان قىلىپ قويدى. شۇ ۋەجىدىن كېيىنكى كۈنلەردە گۈزەلئاي ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى.

— تەكرارلايدىغان دەرسلەر كۆپ بولغاچقا سىزنى، سىزنى ئىزدىيەلمىدىم. مەندىن رەنجىمەڭ!

— سىز ئىزدىيەلمىسىڭىز مانا مەن كەلدىمغۇ!؟

— گۈزەلئاي... — شەپقەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— نېمە دەيسىز؟ — گۈزەلئاي بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كرىستالدەك سۈزۈك كۆز قارىچۇقلىرىغا يوشۇرۇنغان مۇڭلار ئۆزىنى ئاشكارىلاۋاتقاندەك ئوچۇق جىلۋە قىلدى.

— سىز مېنى چۈشىنەمسىز؟ مېنىڭ قەلبىمنى...

— نېمىشقا چۈشەنمىگۇدەكمەن؟ مەن سىزنى دائىم چۈشىنىپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟

— راستىما؟ مېنىڭ كۆڭلۈمنى راستتىنلا چۈشىنەمسىز گۈزەل؟

— چۈشىنىمەن شەپقەت. كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشىنىمەن.

— رەھمەت سىزگە گۈزەل. مېنىڭ سىزگە بولغان سەممىي مۇھەببىتىمنىمۇ چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. بىراق چۈشىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغۇ؟ ...

شەپقەت كۆڭلىدىكىنى — ئەڭ پىنھان سىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تۆكۈۋەتتى. دۇنيادا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە قەلبىنى ئىزھار قىلىشتىنمۇ ئارتۇق تەسەللى بولمىسا كېرەك. شەپقەت ئۆزىنى ئېغىر بىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك بەكمۇ يېنىك ھېس قىلدى... ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتى ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى. ئارچا دەرىخىنىڭ بۆككىدە ئۆسكەن قويۇق شاخلىرى ئاستىدىكى ئورۇندۇقلار ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئارامگاھىغا ئايلاندى. لېكىن بەختكە تولغان بۇ شېرىن مىنۇتلار ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ ۋىسال پەيتلىرىدە تەقدىرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شېرىن مىنۇتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى بىتچىت قىلىۋېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئايرىلىش دەقىقىلىرى يېتىپ كەلگەندە گۈزەلئاي ھىجران ياشلىرىنى ھېچ توختىتالمىدى. شەپقەت بولسا قىزغا تەسەللى بېرىپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

— يىغلىماڭ گۈزەلئاي، بىز مەڭگۈلۈك ئايرىلىۋاتقىنىمىز يوققۇ. يەنە كۆرۈشىمىز. مەن سىزنى مەڭگۈ كۈتىمەن. بىزنىڭ سۆيگۈمىز مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. سىزلا مېنى كۈتەلىسىڭىز...

— ئۇنداق دېمەڭ شەپقەت، مەنمۇ سىزنى كۈتىمەن. خىزمەت ئورنۇم مۇقىملاشقاندىن كېيىن سىزگە خەت يازىمەن، — گۈزەلئاي ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. شۇنداق، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى مەسۇم، پاك ھەم يالقۇنلۇق مۇھەببەت. تەڭرى بىر - بىرسىگە قاتتىق ئەقىدە باغلىغان بۇ بىر جۈپ ياشنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشكە نېسىپ قىلغاي! . . .

شەپقەت مانا بۇ تاغلىق يېزىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولدى. لېكىن گۈزەلئايغا يازغان خەتلىرىنىڭ ھەممىسى سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كەتمەكتە ئىدى. شەپقەت بىكار قالغان ۋاقىتلىرىدا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى يول بويىغا جايلاشقان دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ گۈزەلئايىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەمكىن كۆڭلىگە تەسەللى تاپاتتى. . . ھېلىقى ئارچا دەرىخى ئۇنى سەۋرچان بولۇشقا ئۈندەۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈزەلئاي بولسا ئۇزۇن چاچلىرىنى قوللىرىغا يۆگەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇغان كىتابلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك مەنزىرىلەر كۆز ئالدىغا كېلەتتى. . . جاپالىق خىزمەت، دەردلىك ھىجران شەپقەتنىڭ روھىي ئازابلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مۇھەببەتتىكى ئاچچىق پىغانلىرىنى ئۆزىنى خىزمەتكە بېغىشلاش ئارقىلىق باساتتى. تېپتىنچ كۆل سۈيىدەك، ئەمما تېگى چوڭقۇر بولغان بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. شەپقەت گۈزەلئايدىن خەت ئالالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۇرتىغا بىر قېتىم بېرىپ كەلدى. لېكىن گۈزەلئاينىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇ بۇ جەرياندا گۈزەلئايىنى ئۇنتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى تېخىمۇ كۈچەيدى، تاۋلاندى.

چىرايىدىن سولغۇنلۇق چىقىپ تۇرغان شەپقەت ئانا مەكتىپىدىكى سۆيۈملۈك ئارچا دەرىخى يېنىدا قايتا پەيدا بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى گۈزەل ئەسلىمىلەر شەپقەتنىڭ قەلبىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇراتتى. قېنى ئۇ — گۈزەلئايغا بەرگەن ۋەدىلەر؟ قېنى ئۇ — گۈزەل كېلەچەك، بەختلىك تۇرمۇش؟ قېنى ئۇ — لاتاپەتلىك قەيسەر ئوماق قىز! . . . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇشتۇمىنى تۈگدى - دە، ئارچا دەرىخىگە زەردە بىلەن ئۇردى. ئۇنىڭ قوللىرىدىن چىققان قىپقىزىل قان بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ يەرگە تامچىلاشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. ئارچا دەرىخى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك باراقسانلىشىپ كېتىپتۇ. شەپقەت قان بىلەن بويالغان قوللىرى بىلەن ئارچا دەرىخىگە گۈزەلئاينىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويدى. ئۆزگىچە چاقناۋاتقان قۇياشنىڭ زەڭگەر نۇرلىرى ئىنچىدە ئوتقاشتەك جۇلالىنىۋاتقان قىپقىزىل خەت پاك مۇھەببەتنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

× ×

— ئاداش ھارىقىڭنى قويە! — شەپقەت دوستى ئوسمانغا ۋارقىرىدى.

— نېمە بولدۇڭ شەپقەت؟ جانىنى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ دېمەمسەن؟ ئادەمنى تەقەززا قىلماي. . . شەپقەت قەلبىدىكى دەرد - ھەسرەتلىرىنى ئوسمانغا دەپ كۆڭلىنى بوشاتماقچى ئىدى. ئوسمان جىمجىت ئولتۇرۇپ شەپقەتنىڭ ھەسرەتلىك پىغانلىرىنى ئاڭلىدى.

— نېمە؟! تېخىچە توي قىلمىدىڭما؟

مەن تېخى گۈزەلئاي بىلەن ئىككىمىزلارنى توي قىلدى دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. گۈزەلئاي-دەك قىزغا ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئەقىدە باغلىساممۇ ھەرگىز كەملىك قىلمايدۇ. گۈزەلئاي ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىدى. چىرايلىقنىڭ دەردى كۆپ بولىدىكەن. مەكتەپتىمۇ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغانلار كۆپ بولغاچقا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتىم، قىزلارمۇ ساڭا ئامراق ئىدى. گۈزەلئاي سەندىن ئەنسىرەيتتى، ھەي — ئوسمان ئۆزىنى تۇتالماستىن كۈلۈپ تاشلىدى، — ئاداش، گۈزەلئاينىڭ يۈرتىغا بىر بېرىپ كېلەمدۇق ـ يا؟

× ×

— قېنى، چوڭ ـ چوڭ ئېلىڭلار، — شاپ بۇرۇت، كۆزلىرى سۇرلۈك، ئېگىز بوي، ئورۇق كەلگەن مەكتەپ مۇدىرى مەمتىمىن، شەپقەت بىلەن ئوسماننى قىزغىن كۈتۈۋالدى، — بۇ يەرگە كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. ھېچ بولمىسا تونۇشۇۋالدۇق. بىراق سىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزەلمىگىنىمگە بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

— نېمە؟! گۈزەلئاي، ئۇ . . . — سورىدى شەپقەت ئالدىراپ.

— گۈزەلئاي خانىم توي قىلىپ كېتىپ قالدى.

— توي قىلىپ ؟! . . . ياق، يالغان ئېيتىۋاتىسىز، — شەپقەت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ۋارقىرىۋەتتى.

— مەن سىزگە نېمىشقا يالغان ئېيتقۇدەكمەن. سىز بۇرۇن گۈزەلئاينىڭ يۈرتىغا بېرىپ ئىزدەپ تاپالمىدىم دېدىڭىز. بىراق سىز شۇ چاغدا مۇشۇ مەكتەپكىلا ئىزدەپ كەلگەن بولسىڭىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيتتىڭىز. ئۇنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا يۇرتىنىڭ نېمە كېرىكى دەيسىز؟ ئۇ بۇلتۇر ئۈرۈمچىگە بارغانىدى. شۇ يەردە بىرسى بىلەن تونۇشۇپ قاپتىكەن. ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇ يىگىت بىلەن توي قىلىپ ئۈرۈمچىگە كېتىپ قالدى. ئاڭلىسام يېقىندا تۇغۇپتىمىش، — مەمتىمىن ياسالمىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، يەر ئاستىدىن شەپقەتكە ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى. شەپقەت بىلەن ئوسمان مەمتىمىنگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىقتى. مەمتىمىن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويۇپ، ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئەسلىدە گۈزەلئاي مۇشۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. بىراق ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن، بەش ـ ئالتە خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتكەن مەكتەپ مۇدىرى مەمتىمىن، گۈزەلئايغا توي قىلىش تەلىپىنى قويدى. گۈزەلئاي ئۇنىڭ تەلىپىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلدى. تۈلكىدەك قۇۋ، ھىيلىگەرلىك-تە ئۇچىغا چىققان مەمتىمىن گۈزەلئاينىڭ ئالدىدا ئىنتايىن سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، گۈزەلئايدا ياخشى تەسىرات قالدۇرغانىدى. مەمتىمىن پوچتىخانىدا ئىشلەيدىغان ئاكىسى ئارقىلىق شەپقەتنىڭ بارلىق خەتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ھەتتا گۈزەلئاينىڭ شەپقەتكە يازغان خەتلىرىنىمۇ پوچتىخانىنىڭ سىرتىغا چىقارغۇزمىدى. گۈزەلئاي ناھىيىلىك پوچتىخانىغا كىرىپ شەپقەتكە خەت سالغان بولسىمۇ، بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسى مەمتىمىننىڭ زەھەرلىك قوللىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بىراق گۈزەلئاي مەمتىمىننىڭ بۇنچىلىك رەزىل ئادەم ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۈمىدسىزلەنگەن گۈزەلئاي

ئاخىرى شەپقەتكە خەت يېزىشنى توختاتتى. ھەتتا شەپقەتتىن خەتلىرىمگە جاۋاب قايتۇرمىدى دەپمۇ رەنجىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. مانا ئەمدى تېخىچە مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان، توي قىلمىغان، گۈزەلئاينىڭ شەھەرگە كەتكەنلىكىدەك پۇرسەتتىن پايدىلانغان مەتتىمىن شەپقەتكە ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرنى يەتكۈزۈپ ئۇنى ئالداپ يولغا سېلىپ قويدى. بىراق تاشقى قىياپىتى شۇنچە سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك كۆرۈنىدىغان مەتتىمىننىڭ يۈرىكىنىڭ چىشى بار، ئىپلاس ئادەم ئىكەنلىكىنى گۈزەلئايمۇ، شەپقەتمۇ ئەسلا بىلمەيتتى.

شەپقەت ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى. . . «نېمىشقىمۇ ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالدىمكىن؛ بىزنى تونۇشتۇرغان، قەلبىمىزگە ئىشق ئوتىنى سالغان تەقدىر نېمە ئۈچۈن ۋىسالدىن يىراق قىلىدىغاندۇ؟! ئۇنىڭ توي قىلغانلىقى راستمۇ؟ ئۇ راستتىنلا توي قىلغان بولسا... شەپقەت خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

نەچچە يىلدىن بېرى ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويىمىز دەپ بەكلا ئاۋارە بولۇشتى. ئۆيگە كەلسە دادىسى قاپىقىنىمۇ ئاچمايدۇ. پەقەت مېھرىبان ئانىسىلا ئوغلىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. تەسەللى بېرىدۇ. چىرايلىق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلىدۇ، قېيىدايدۇ، لېكىن يەنىلا ئانىلىق مېھرى غالىب كېلىپ ئوغلىغا چىدىمايدۇ.

مۇھەببەت ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ نەرسە. تارىختا ئۆتكەن مەن - مەن دېگەن پالۋانلارمۇ، بارلىق ئىشقىنى بىلىم ئېلىشقا بېغىشلىغان ئالىملارمۇ مۇھەببەتسىز ياشىغان ئەمەس. چىن مۇھەببەتنىڭ قۇدرەتلىكلىكىگە ھەققىي ۋاپادار، ۋىجدانلىق ئىنسانلارلا ئىشىنەلەيدۇ ئەلۋەتتە.

× ×

شەپقەت كېچىچە گۈزەلئاينى چۈشەپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. . . «قاقاس چۆلدە گۈزەلئاي شەپقەتنى چاقىرىۋاتقۇدەك. شەپقەت بولسا پۇتىنى ھەر قانچە يۆتكىسىمۇ مىدىرلىتالماي قالغۇدەك. گۈزەلئاي شەپقەتكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك-مىش. شۇ ۋاقىتتا بىر قول كېلىپ شەپقەتنى تارتىپلا ئېلىپ قاچقۇدەك. ھالسىراپ كەتكەن گۈزەلئاي قۇملۇققا يىقىلغۇدەك. . . » شەپقەت ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ يېتىپ تاڭ ئاتقانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى.

— شەپقەت ئاكا، تاماقىڭىزنى يەۋېلىڭ؟ — شەپقەت كۆزىنى ئاچتى. يېنىدا گۈلسارە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ شەھلا كۆزلىرىدە ئاجايىپ يارقىن بىر خىل نۇر جۇلالايتتى. ئۇ كۆزلەر — قوياشسىمان لاۋۇلداپ يۈرەككە ئاتەشتەك سۆيگۈ ئاتا قىلىدىغان سېھىرلىك كۆزلەر ئىدى. ئۇ كۆزلەر — يۇلتۇزدەك چاقناپ، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقۇچى ئايغا زىننەت بولغۇدەك كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان جەلپكار كۆزلەر ئىدى. ئازراق چۈۋۈلگان چاچلىرى ئۇنى تېخىمۇ جەزبىدار قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى گۈزەلئايغا نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە؟ شەپقەت كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا گۈلسارىگە ئۇزاق قاراپ ياتتى. قىزمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئوتلۇق نەزەر بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

— شەپقەت ئاكا، — گۈلسارە ئاۋازىنى سەل سوزۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى. شەپقەت

كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغىنى گۈزەلئاي ئەمەس، «سىڭلىسى» گۈلسارە ئىدى. گۈلسارە غەمكىن نەزەردە شەپقەتكە قاراپ قويدى - دە، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. شەپقەت بولسا خىجىللىق ئىچىدە شولپەردەك قىزىرىپ كەتتى ھەمدە بۇ قىزنى ئۇچراتقان ئاشۇ چاغنى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىغا كەلتۈردى... بۇ تۆت يىل ئىلگىرىكى بىر ۋەقە ئىدى...

شەپقەت ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىلدىن كېيىنكى چاغ ئىدى. ئۇ بىر كۈنى سەھەردە مەكتەپنىڭ بېغىغا سۇ باشلاش ئۈچۈن ئۈستەڭنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۈستەڭنىڭ بېشى دەرياغا تۇتىشاتتى. شەپقەت دەريا بويىغا كېلىپ مۇزدەك سۇدا بېشىنى يۇدى - دە، سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىغا يۈزىنى تۇتۇپ بىردەم ئولتۇردى. ئۇ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان سۇغا نەزەر سېلىۋېتىپ، خېلىلا يېقىن يەردە سوزۇلۇپ ياتقان بىر گەۋدىگە كۆزى چۈشتى. شەپقەت ئورنىدىن ئىرغىپلا تۇردى - دە، شۇ ياققا قاراپ ماڭدى. شەپقەتنىڭ ئالدىدا كىيىم - كېچەكلىرى لايغا مىلەنگەن بىر قىز ياتاتتى. شەپقەت قىزنىڭ يېنىغا زوڭزايدى. قىزنىڭ يۈزلىرى ئاپئاق پارقىراپ، قويۇق كىرپىكلىرى مەھكەم جۈپلىشىپ قالغان بولۇپ تېخى تىنىقى باردەكلا قىلاتتى... شەپقەت قىزنى يېزا دوختۇرى ناسىرنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدى. بەختكە يارىشا قىز قۇتقۇزۇپ قېلىندى. قېتىرقىنىپ داۋالاش ئارقىلىق قىز بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەرسىز، — دېدى شەپقەت قىزنى ياتقىغا باشلاۋېتىپ.

— ئىسمىم گۈلسارە، — دېدى قىز يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون ئۈچ ياشقا كىردىم. بۇ يىل تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا كۆچكەن، — قىز بىردىنلا يىغلىۋەتتى، — شەپقەت ئاكا مېنى ئۆيگە قايتۇرىۋەتمەڭ. بولمىسا ئاكام مېنى يەنە قىمارۋازلارغا سېتىۋېتىدۇ. مەن... مەن سىزگە ياردەملىشەلەيمەن. تاماق ئېتەلەيمەن. كىر يۇيالايمەن. يەنە...

— گۈلسارە، ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالماڭ. بەلكىم ئۆيىڭىزدىكىلەرمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە سىزنى ئىزدەۋاتقاندۇ؟

— ياق، ئۇلار مەن ئۈچۈن ھەرگىزمۇ قايغۇرمايدۇ، بەلكىم خۇش بولۇۋاتىدىغاندۇ.

— ئەمىسە سىز قانداقسىگە...

— مەن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي. لېكىن مېنى قايتۇرۋەتمەيمەن دېسىڭىز...

— قېنى، ئاۋۋال سۆزلەڭ گۈلسارە!

گۈلسارە ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى - دە، سالماق، تەمكىن قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئانام مېنى تۇغۇپ قويۇپلا قازا قىلغانىكەن. كېيىن دادام قايتا ئۆيلەنگەچكە مەن ئۆگەي ئانامنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. بىراق مەن ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتا داداممۇ مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆگەي ئانام ماڭا قەۋەتلا ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ماڭا سالغان زۇلۇملىرىنى بىر خۇدا بىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوقاپ كەتكىلى ئون يىلدىن ئاشقان بىر قىمارۋاز ئوغلى بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن تۇيۇقسىز كېلىپ قالغانتى. بىر كۈنى ئۆگەي ئانام بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىپ بولالماي كەچ ياتتىم. بىراق ئۇيقۇم كەلمىدى. سىرتتىكى ئۆيدە «ئانام» بىلەن «ئاكام» مېنىڭ پارىڭىمنى قىلىشىۋاتاتتى.

— بۇ يېتىم ئوغلاقتىن خويمۇ زېرىكتىم. يولدا ماشىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگەن بولسا خويمۇ قۇتۇلار ئىدىم، — دېدى ئانام ئاكامغا.

— ئەمىسە مەن ئۇنى ئېلىپ كېتەي. ئۆزىغۇ خېلى چىرايلىق قىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىچكىرىگە ئاپارسام بۇنداق قىزلار دېگەننى بىردەمدىلا قولدىن چىقىرالايمەن. تېخى قولۇمغىمۇ نۇرغۇن پۇل كىرىدۇ دەڭا.

— بولسا شۇنداق قىل بالام. كىشىلەرگە ئوغلۇم «ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي» دەپ ئەكەتتى دېسەملا بولىدۇ. بۇ يېتىمەكنى ئىزدەپ يۈرۈيدىغان كىم بار ئىدى بۇ يەردە؟ ئەگەر قولۇڭغا پۇل كىرسە مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسسەن؟ ئىشقىلىپ چاندۇرۇپ قويمىساڭلا بولىدۇ.

— ئەمىسە ئەتە سەھەردىلا مېڭىپ كېتەيلىمىكىن. . ؟ — شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم. كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. بىر چاغدا ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدىكى دەريا بويىغا كېلىشىمگە كەينىمدىن بىر كىمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتىم. پەقەت مۇشۇ خورلۇقتا تولغان جىسمىمنى ئاشۇ كىچىككىنە، ئەمما رەزىللىككە تولغان ئۆيدىن ئاچىقىپ كەتسەملا بولاتتى. مەن ئاخىرى كىيىملىرىم بىلەنلا سۇغا كىردىم. بىراق دەريادا سۇ بەك ئۇلۇغ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ بىر چوڭقۇر يەرگە كېلىپ قالغاچقا سۇ ئىچىدە لەيلەپ كەتتىم. شۇ ۋاقىتتا دەريا بويىدا «ئۆگەي ئانام» نىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاكامنىڭ دەريانى بويلاپ يۈگۈرگەنلىكىنى ئېلېكتر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا غۇۋا كۆرگەندەك بولدۇم. . . كېيىن ھېچنېمىنى سەزمىدىم. كۆزۈمنى ئاچسام سىز يېنىمدا تۇرۇپسىز. جېنىم ئاكا، مېنى مۇشۇ يەردە ئېلىپ قېلىڭ، ھېچ بولمىسا مېنى بىر كىمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ، ماڭا پۇل بەرمىسىمۇ مەيلى، مەن ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمەن، — شەپقەتنىڭ گۈلسارىگە ئىچى ئاغرىدى. ئۇ ھازىر نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. بەختكە يارىشا شۇ كۈنى شەپقەتنىڭ ئانىسى شەھەردىن چىقىپ قالدى. شەپقەت گۈلسارە ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋېدى، ئانىسى خۇشال بولۇپ كەتتى.

— قېرىغىنىمدا خۇدايىم ماڭا يەنە بىر بالا بېرىپتۇ ـ دە، سەن بولساڭ يىراق جايدا خىزمەت قىلىسەن بالام، داداڭ خىزمەتكە كەتسە ئۆيدە جىنىدەك يالغۇزلا قالىمەن. ھېچ بولمىسا ئۆيدە ماڭا ھەمراھ بولسىمۇ يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلىمەن. مەن باقاي ئوغلۇم، ئۆزىمۇ پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز ئىكەن ـ بۇ؟

شۇنداق قىلىپ شەپقەتنىڭ ئانىسى گۈلسارىنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ گۈلسارە شەپقەتنىڭ «سىڭلىسى» غا ئايلاندى. قىزنىڭ ئىشچانلىقى، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى، شەپقەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. شەپقەتنىڭ پىكرى بويىچە گۈلسارە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئەتىل

ۋاقىتلىرىدا شەپقەت ئۆيگە قايتىپ كەلسە ئۇ بەكمۇ خۇش بولۇپ كېتەتتى. ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپلا ھويلا - ئارامىلارنى تازىلايتتى. چاي تەييارلايتتى. چايدىن كېيىن ئۇ يۇيۇدىغان كىيىملەر بولسا يۇياتتى. چۈشتە يەنە تاماق تەييارلايتتى. دەرس تەكرارلايتتى. شەپقەتنىڭ ئانىسىمۇ گۈلسارىگە ئۆزىنىڭ قىزىدەكلا كۆيۈنەتتى. بازارغا چىقىدىن قانداق كىيىم كەلتۈرۈلسە ئۇ بىرىپلا گۈلسارىگە ئېلىپ بېرەتتى...

يىللار گۈلسارىگە غۇنچىدەك بوي، سەرۋىدەك قامەت، ئەقىل - پاراسەت، گۈزەل چىراي ئاتا قىلىشقا باشلىدى. قېلىن قويۇق قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى، ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرى، ئاق، سۈزۈك چىرايى، ئازمىنىڭ چۆرگىلەتمىسىدەك چوڭقۇر زىناقلىرى... ئۇنى شۇنچىلىك گۈزەل ياراتقان ئاللاغا مىڭلارچە رەھمەت! بىراق ئۇنىڭ بەختىنى بەرگەيسەن؟ دەپ ئويلاپ قالاتتى شەپقەت. بۇ ۋاقىتتا گۈلسارە ئاللىقاچان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغانىدى. شەپقەتنىڭ ئانىسى تېخى قىزىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن بىر نەچچە مېھمانلارنىمۇ ئۆزىتىپ قويدى. تەتىل ۋاقىتلىرىدا گۈلسارە شەپقەتنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى ئاققا كۆچۈرەتتى، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يۇياتتى. ئانىسىنىڭ چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ ئۆرۈپ قوياتتى. بازار كۈنلىرى ئۇ ئانىسى بىلەن بازار ئايلىناتتى. «ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرى بولغان بولسىمۇ بۇ قىزچىلىك قىلالمىغان بولاتتى. سىلىگە ئامەت كەلتۈردى بۇ قىز؟»، «پات - پاتلا ئىسرىقلاپ قويسىلا، كۆز تەگمىسۇن. خۇدايىم پەرىدەك چىرايىنى ئايىماي بېرىپتىكەن بۇ بالىغا»، «ئۆمرۈمدە بۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ھەرگىز كۆڭلىنى ئاغرىتىپ سالمىسىلا» دېيىشىپ كېتەتتى بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ قوشنىلىرى.

شەپقەت كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ گۈلسارىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان، تەشۋىشلىنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەپقەتنىڭ ئاتا - ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ تەتىل مەزگىلىدە شەپقەت بىلەن گۈلسارىنىڭ توينى قىلىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق كۈتۈلمىگەندە شەپقەت بۇ تەكلىپنى رەت قىلىۋەتتى. بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن دادا تونجى قېتىم ئوغلىنىڭ دىلىنى رەنجىتتى.

— يەنە نېمىشقا ياق؟ سەن بىلەن بىرگە ئوقۇغان باللارغا قاراپ باققىنا. ئۇلار ھازىر بىردىن بالىنى يېتىلىشىپ يۈرىدۇ. گۈلسارىنىڭ قەيىرى ساڭا ياقماي قالدى؟ ھەتتا ناھىيەدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەرمۇ ئوغلى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەلچى بولۇپ كەلدىغۇ؟ ئۇلارغا يارىغان قىز ساڭا يارىمامدۇ؟ — شەپقەت نېمىمۇ دېيەلىسۇن-ھە؟ ئۇ دادىسىغا «مەن بىر قىزنى ساقلاۋاتىمەن، ئاشۇ قىزنىلا ياخشى كۆرىمەن!» دېسۇنمۇ؟ «ئاھ جېنىم دادا، ئوغلۇڭنىڭ قەلبىنى چۈشەنسەڭچۇ؟» شەپقەتنىڭ يۈرىكى ئەنە شۇنداق نىدا قىلدى.

— شەپقەت ئاكا، سىز نېمىشقا توي قىلمايسىز؟ — سوراپ قالدى بىر كۈنى گۈلسارە.

— سوراپ قالدىڭىزغۇ گۈلسارە؟ — شەپقەت گۈلسارىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزىڭىز شۇنداق كېلىشكەن يىگىت. بىر - بىرىدىن چىرايلىق قىزلار سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ

يۈرىيدىكەن! شۇڭا. . .

— «جاھاندا ماڭا قىز - كۆڭۈلدە بىر قىز» دەپتىكەن گۈلسارە. مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەتلا بىر قىز بار.

— سىزنىڭ قەلبىڭىزدىن ئورۇن ئالالىغان شۇ بەختلىك قىزنىڭ كىملىكىنى بىلسەم بولامدۇ؟ — شەپقەت گۈزەلئاي بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى گۈلسارىگە قىسقىغىنا سۆزلەپ بەردى. گۈلسارە شەپقەتنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ، لېكىن ئازابلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى.

× ×

يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. شەپقەتمۇ گۈزەلئاينىڭ يارقىن سىماسىنى خىيال قىلىپ ئۇنى ئەسلەپ شۇنچە يىللارنى ئۆزىتىپ قويدى. گۈلسارە يەنىلا شەپقەتنىڭ يېنىغا كېلىپ - كېتىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇشچاقچاق قىياپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان. يىللار ئۇنى خىيالچان، مۇڭلۇق بىر قىزغا ئايلاندۇرغان. ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى شۇنچە خۇشال تۇتۇپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلايتتى. ئۇ بارلىق مېھرىنى كۆيۈمچان ئاتا - ئانىسىغا بەرگەن. دۇنيادا شۇلاردىن ئۆزگە سۆيۈملۈك كىشىلىرى يوق. ئۇ بۇ ئائىلىگە كېلىپ بىر نەچچە يىل غەمسىز ياشىدى. ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشتەك بۈيۈك ئارزۇسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇردى. ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە ئىپادىلىنىۋاتقان مۇرەككەپ سىرلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كۆزىنى يۇمسىلا چۈشىدە شەپقەتنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىزلىرىمۇ، بىر ئېغىز گەپلىرىمۇ گۈلسارە ئۈچۈن تۇتىيا. «ئاھ خۇدا، مېنى نېمىشقىمۇ شۇنداق تەلەيسىز ياراتقانسەن؟ مېنىڭ يۈرىكىمگە نېمىشقىمۇ شەپقەتنىڭ ئىشقىنى سېلىپ قويغانسەن؟ مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟» گۈلسارە دېرىزە ئالدىدا قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئايغا، ئاسماندا جىمىرلاۋاتقان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىغا خېلى بولدى. گۈلسارە دېرىزىنىڭ پەردىلىرىنى چىڭ قاماللىدى.

شەپقەتچۇ؟ ئۇمۇ بەختلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. ئۇ گۈزەلئاينى ئۇنتۇپ كېتەي دەپمۇ ئۇنتۇيالمىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قىزغا بولغان سۆيگۈسى نەقەدەر ئۇلۇغ - ھە؟ بۇ ھالدا شەپقەت بىلەن گۈلساردىن ئىبارەت بۇ ئىككى دەردمەن قىز - يىگىتنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشى ھەقىقەتەن قىيىن.

— شەپقەت ئاكا، ئون يىل بىر قىزنى ساقلىماق ئوڭاي ئەمەسقۇ؟ گۈزەلئاي ئېھتىمال ھايات ئەمەسكەن. بولمىسا. . .

— نېمە دەۋاتىسىز گۈلسارە؟ ئۇ ھايات! نېمىشقا ھايات بولمايدىكەن؟ ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ ھايات! . . . — شەپقەت تۇنجى قېتىم گۈلسارىنىڭ قەلبىگە ئازار بەردى. ئۇنى يىغلاتتى. بىچارە قىز ئۈن - تىنسىز ياش تۆكتى. لېكىن ئۇ يەنىلا شەپقەتتىن ئاغرىنمىدى. شەپقەت ھەممىنى سېزىپ تۇرىدۇ. دېمەك، گۈلسارە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان . ئۇنىڭ ئوتىدا يوشۇرۇن كۆيمەكتە. بىراق شەپقەتچۇ؟ ئۇمۇ قەلبىدە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن خىياللىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي قىينالماقتا. شەپقەت ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى. بىراق دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۆيگە كەلگەندە گۈلسارە ئۇنى چاقچاق قىلغان بولۇپ يېڭى-يېڭى سوئاللارغا كۆمۈۋېتىدۇ.

uyghurkitap.com

— شەپقەت ئاكا، ئۇ قىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ. سىزگە بىر ئۆمۈر ئەقىدە قىلالايدىغان، سىزنى بەختلىك قىلالايدىغان قىزلارمۇ بار.

— ئۇنداق دېمەڭ گۈلسارە. مۇھەببەت دېگەن مال ئەمەس. ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتسە سېتىۋەتكىلى، ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ - دە!

— مەن پەقەت ياشلىق باھارىڭىزنى قەدىرلەڭ دېمەكچىمەن، ئۇ ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمەيدۇ.

— توي قىلساملا ياشلىق باھارىمنى قەدىرلىگەنلىك بولامدۇ؟ ياشلىقىمنى ھازىرمۇ بىكار ئۆتكۈزمىدىم. خىزمەتتە نەتىجە قازاندىم، خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق بىلىمەن. ھازىر ئېنگلىز تىلىنى ئۆگىنىۋاتىمەن. مەن دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن نەچچىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلدى. ئوقۇۋاتىدۇ. بۇرۇندىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان بىر كەنتتىن نۇرغۇنلىغان بىلىم ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقتىم. ئۇلار ھازىر ناھىيىدىمۇ، ۋىلايەتتىمۇ ھەتتا مۇھىم ئورۇنلاردىمۇ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. سىزغۇ مېنى مۇھەببەتكىلا باغلىنىپ قالدى، مۇھەببەتتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟

— بۇنى بىلىمەن، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەنمۇ سىزگە ھەۋەس قىلىمەن. — گۈلسارە بېشىنى كۆتۈردى، — شەپقەت سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — گۈلسارە تۇنجى قېتىم شەپقەتنىڭ ئىسمىنىلا ئاتاپ «ئاكا» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالدى.

— ياخشى كۆرمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ سىز مېنىڭ ياخشى سىڭلىم تۇرسىڭىز گۈلسارە.

— پەقەت سىڭلىڭىز ئورنىدىلا ياخشى كۆرەمسىز؟ يەنە. . . — گۈلسارە ئىككى قولىدا يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن سىڭلىم. . . — شەپقەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— چۈشىنەمسىز؟! ياق، مېنى ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيسىز. ئەگەر مېنى چۈشەنگەن بولسىڭىز مانا مۇشۇنداق يىغلىتامتىڭىز؟ تىرىك دوزاخ ئوتىدا كۆيدۈرەرمىدىڭىز؟

— دېدىمغۇ، مەن باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرىمەن دەپ. . . شەپقەت جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. ئۇ گۈزەللىكىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى. گۈلسارىنى بولسا. . . شەپقەت خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ھايات شۇنداق. بەزىلەرنى كۈلدۈرىدۇ. بەزىلەرنى يىغلىتىدۇ. بەزىلەرنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشتۈرۈۋېرىدۇ. بەزىلەرنىڭ قولىغا كېلىپ بولغان بەختىنى تارتىۋالىدۇ، بولۇپمۇ ياشلىقتىكى سۆيگۈ ئەنە شۇنداق ئازابلىق. ھەركىم ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە ئېرىشەلىشى، قەلبىدىكى ھەممە ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز دائىم شۇ گۈزەل ئارزۇلار ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز، كۈلىمىز، يىغلايمىز. ساڭا نېسىپ بولسا بىردەملىك. سەن ئويلىمىغان يەردىن نېسىپ بولۇۋېرىدۇ. بولمىسا شۇ ئارزۇ ئۈچۈن قانچە تىرىشساڭ شۇ نەرسە سەندىن قاچىدۇ. ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداق زەنجىرسىمان. ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ سىرلىرى ئارىسىدا چايقىلىپ، تېنەپ - تەمتىرەپ ئاخىرى قىرغاققا چىقىمىز. ھەممە نەرسىنى، ياخشى بىلەن

يامانني، ئازاب بىلەن راھەتنى چۈشەنگىنىمىزدە، ھەممە ئىشقا كېچىككەن بولىمىز. ھاياتىمىزنى باشتىن باشلاشنى ئويلايمىز. بىراق باشلىيالمايمىز.

تەتىل ۋاقتىدا شەپقەت ئۆيگە كەلدى. دادىسى بىلەن ئانىسى يىراق بىر يېزىدىكى تۇغقىنىنىڭ توي ئىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ كىتاب ئوقۇشقا تەمشەلگەن شەپقەت چىرايلىق ياسانغان، كۆزلىرى ياش يۇقى، چىرايى سولغۇن ھالدا ئىشىك ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان گۈلسارىنى كۆردى.

— بۇنداق ياسىنىپ نەگە باراي دەيسىز گۈلسارە!

— مەن . . . گۈلسارىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. — مەن خىزمىتىمنى باشقا بىر يېزىغا يۆتكەپ كېتەيمىكىن شەپقەت. . .

— نېمىشقا؟! نېمىشقا يۆتكەيسىز؟ — شەپقەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم ئازابتىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن. لېكىن ئانام بىلەن دادامنى پات ـ پاتلا يوقلاپ تۇرىمەن. ئۇلارنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن. سىز ئۆيگە كەلمىگەن چاغلاردىلا كېلىمەن. سىزنى كۆرمىسەم بەلكىم بۇ دەردتىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلارمەن، — گۈلسارىنىڭ ئاغزى ئۆمچەيدى، — بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىزنىڭمۇ ھەم. . .

— ھېچ بولمىسا ئاتا ـ ئانامنى ئويلاڭ. . .

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاتا ـ ئانامنى ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم. بىراق ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمىدىم.

— كەتمەڭ گۈلسارە. سىز چوقۇم بەختىڭىزنى تاپىسىز؟. . .

— سىزنىڭ يېنىڭىزدا بەرنا بىر قىزنىڭ سىماسى بار. سىز شۇ سىماغا چوقۇنىسىز. بىراق ھەقىقىي رېئاللىقتا، ھەقىقىي يۈرەك ئىگىسىگە چوقۇنالمايسىز شەپقەت،. . . سىزنىڭ «كەتمەڭ» دېگىنىڭىز مېنى ئازابلانسۇن دېگىنىڭىز.

— ياق، ئەمدى ئازابلانماڭ. مەن ئەمدى سىزنى ئازابلاشنى خالىمايمەن، — شەپقەتنىڭ كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ ياش تۆكۈلدى. گۈلسارە ھويلىدىكى ئۆرۈك دەرىخىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلار يىغلىسۇن. تارتقان ئازابلىرى ئۈچۈنمۇ، كېلەچەكتىكى بەختى ئۈچۈنمۇ يىغلىۋالسۇن.

× ×

تەتىل ۋاقتىدا شەپقەت بىلەن گۈلسارىنىڭ تويى بولدى. تويدىن كېيىن شەپقەتنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن گۈلسارىمۇ شەپقەت ئىشلەۋاتقان كەنتنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كەلدى. گۈلسارە شەپقەت بىلەن توي قىلغىنىغا خۇشال بولدى. بىراق شەپقەتنىڭ ئۆزىگە ھەقىقىي بەختنى بېرەلمىگەنلىكىگە ئازابلاندى. قېنى ئۇ تەشنا بولغان قىزغىن مۇھەببەت؟!. . .

شەپقەتمۇ ئازابلاندى. گۈزەلئايغا بەرگەن ۋەدىسى ئۈچۈنمۇ، گۈلسارىگە ھەقىقىي مۇھەببەت بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئازابلاندى. تېخى بىر نەچچە كۈن ئالدىدا گۈزەلئاي ئىسىملىك بىر قىزنىڭ تەرجىمىھالى بېسىلغان «كۈتۈش» ناملىق ھېكايىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ شەپقەت ئون يىل زارىقىپ كۈتكەن گۈزەلئاي ئىدى. شەپقەت بىر كېچە ئۇخلىمىدى. ئۆينىڭ ئىچى تاماكا ئىسى بىلەن تولۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



ئەتىسى كۆزلىرى قىزارغان، چىرايىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇرغان شەپقەت تاماقمۇ يېمەستىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە باشقا بىر قىزنى ئويلاش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىش. . . ئاھ خۇدا، بۇ نېمە دېگەن تەڭسىزلىك ـ ھە؟

ــ شەپقەت، ھوي شەپقەت. يەنە كونا ئۇۋاڭغا كېلىۋاپسەندە. ساڭا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، ــ دەرياغا قاراپ خىيالغا چۆمۈپ كەتكەن شەپقەت كەينىگە قايرىلدى. خىزمەتدىشى غالىب ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى.

ــ ساڭا خۇش خەۋەر، سۆيۈنچىسىنى كېيىن بېرىسەن جۇمۇ؟ ئۈرۈمچىدە بىر پارچە ئەسىرىمنى ئېلىپ تەھرىر بۆلۈمىگە بارغانىدىم. شۇ يەردە. . . كاساپەت، شۇنداق چىرايلىق بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. گەپ ئارىلىقىدا سېنىڭ ئىسمىڭ چىقىپ قېلىۋىدى، ئۇ قىز سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سوراپ قالدى. ئۇ كىمكەن دېمەمسەن؟ سەن گېپىنى قىلغان گۈزەلئاي دېگەن قىز ئىكەن. مەن تېخى سېنى توي قىلمىدى دەپتىمەن. مېنىڭ ئۈرۈمچىگە كەتكەن پۇرسىتىمدىن پايدىلىنىپ، شۇنداق چىرايلىق بىر تومۇچۇق بىلەن توي قىلغانلىقىڭنى نەدىن بىلەي؟ ــ غالىبنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ بەدىنى توك تەپكەندەك تىترىدى. . . ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى قاپلىغانىدى. ئۇ ھارغىن جىسمىنى تەستە يۆتكەپ دەريا بويىدىن يىراقلاشتى.

كۈنلەر ئۆتتى. شەپقەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە جىمغۇرلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن گۈلسارە كېچىلىرى ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئۇ شەپقەت توي قىلغاندىن كېيىن گۈزەلئاينى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. مېنىڭ مۇھەببىتىم شەپقەتنىڭ ئىلگىرىكى ھىجرانلىق كۈنلىرىگە خاتىمە بېرىدۇ دەپ خام خىيال قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆكۈندى. شەپقەت شۇنچە يىللار ساقلاپ، ئىزدەپ تاپالمىغان گۈزەلئاي مانا ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ھىجرانلىق تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ گۈلسارىدىن ئاغرىنمايتتى. گۈزەلئايدىن بولسا تېخىمۇ ئاغرىنمايتتى. ئۇنىڭ نېرۋىسى تورمۇزلىنىپ قالغاندەك ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتى.

ــ شەپقەت، بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى، بازارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەيلىچۇ؟ ــ يۇمشاق ئاۋازدا سورىدى گۈلسارە شەپقەتنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ يەنە تېخى سىزگە بىر ئاياغ ئالمىدىغان گەپ.

ــ بولدىلا، مېنىڭ مىجەزىم يوق تۇرىدۇ. سىز بېرىپ كېلىڭ. ماڭا ئاياغ ئېلىشنى قويۇپ ئۆزىڭىزگە لازىملىق نەرسىلەر بولسا ئېلىڭ، مانا پۇل، ــ شەپقەت يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇللارنى گۈلسارىگە تۇتقۇزدى. گۈلسارىنىڭ چىرايى تاتاردى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن رەنجىگەنلىكىنى ھېس قىلغان شەپقەت:

ــ ھە راست، تېزراق كېلىپ ماڭا ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ بىر سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرەرسىز، ــ دېدى.

ــ ئەمىسە ھازىرلا ئېتىپ بېرەي، بازارغا بېرىپ، كەچ بولغۇچە قورسىقىڭىز ئېچىپ قالىدۇ.

ــ سەي تۈگەپ قاپتۇ دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ بازارغا بارغاچ سەي ئالغاچ كەلمىسىڭىز بولماس. . .

ــ ماقۇل ئەمىسە، ماڭا ھېچ نەرسە لازىم ئەمەس شەپقەت. پەقەت سىز بىلەن

بىرگە بازار ئايلانغۇم بار ئىدى، — دېدى گۈلسارە يەرگە قاراپ تۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا.

— بۈگۈنچە سىز يالغۇز بېرىپ كېلىڭ. كېلەر ھەپتە مەن سىزنى ئاپىرىپ پۇخادىن چىققۇچە ئوينىتىپ كېلىمەن، — شەپقەت گۈلسارىنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى يۈزلىرىگە ياقتى.

شەپقەت دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ پەردىنى قايرىۋەتتى. گۈلسارە قولىغا بىر تور سومكىنى ئالغان پېتى ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتماقتا. ئۇ تۇيۇقسىز كەينىگە ئۆرۈلدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. شەپقەت كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلسارىگە بېشىنى لىڭشىتتى. گۈلسارە بۈگۈن تۇنجى قېتىم چىن كۆڭلىدىن، ئوماققىنا كۈلۈپ قويدى. ئەنە ئاشۇ گۈزەل قىز مېنىڭ ئايالىم. بىراق مەن نېمىشقا گۈزەلئاينى ئويلايمەن، ئۇنى سېغىنىمەن؟ گۈلسارىمۇ گۈزەللىكتە گۈزەلئايدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. ماڭا بولغان مۇھەببىتى شۇنداق چوڭقۇر، — شەپقەت دېرىزىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ چەكسىز خىياللارغا ئەسىر بولدى.

— شەپقەت؟!... — تىترەڭگۈ، ئارتۇقچە ھاياجان، ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، يېقىملىق، يۈرەكنى تىترىتىدىغان زىل، تونۇش ئاۋاز ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغاندىلا شەپقەت ئازابلىق خىياللار قاينىمىدىن قايتىپ چىقتى - دە، كەينىگە قايرىلدى. قايرىلدىيۇ، ئورنىدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. ئىشىك ئالدىدا كىچىككىنە چامادان كۆتۈرگەن، قاپقارا ئۇزۇن كۆڭلەك، ئاپئاق ئاياغ كىيىۋالغان، بېلىگە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى چىرايىغا سۆلكەت بېغىشلىغان خۇمار كۆزلۈك گۈزەل بىر قىز قاراپ تۇراتتى. قىزنىڭ ھىم يېمىرىلىپ تۇرغان ھالرەڭ لەۋلىرى يامغۇر چۈشكەن ياپراقتەك تىترەۋاتاتتى. شەپقەت تېخىچە ئورنىدا قېتىپلا تۇراتتى. گۈزەلئاي ئىختىيارسىز دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. شەپقەت ئېسىگە كەلدى - دە، ئېتىلىپ بېرىپ گۈزەلئاينى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. گۈزەلئاينىڭ كۆزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزىگە دومىلاپ چۈشتى. بىر - بىرىگە مەھكەم كىرىشكەن بارماقلار... ھاياجان ئىچىدە تىترەۋاتقان ئىككى تەن... ئۇن يىللىق ھىجران، سېغىنىش، پىراق، كۈتۈش... ھەممىسى، ھەممىسى بىرلىشىپ ئاجايىپ گۈزەل، ھەسرەتلىك بىر كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلغانىدى. قەلبىدىكى ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى ھەر قانچە قىلسىمۇ ئىچىگە سىغدۇرالمىغان شەپقەت گۈزەلئاينى چىڭ قاماللىۋالغان كۈچلۈك بارماقلىرىنى ئىختىيارسىز پەسكە چۈشۈردى، «مەن ئۇنى قۇچاقلاشقا ئەمدى مۇناسىپ ئەمەس. بۇ قوللار ھازىر باشقا بىرىگە تەۋە ئىدىغۇ؟» شەپقەت ئىختىيارسىز چاچلىرىنى قاماللىغىنىچە كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ قالدى.

— شەپقەت، نېمە بولدىڭىز؟ سىز مېنى قارشى ئالماسىز؟

— نېمىشقا قارشى ئالمىغۇدەكمەن گۈزەل، بىراق مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن.

— ھەر قانچە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىڭىزمۇ مەن كەچۈرىمەن شەپقەت. مۇھەببەت ھەممىنى كەچۈرىدۇ.

— ياق، بۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت، بىلەمسىز؟ مەن سىزگە ئەقىدە باغلىيالمىدىم.

— نېمە؟!، سىز... توي قىلىپ بولدىڭىز؟!، ھېچقىسى يوق...— گۈزەلئاي تېزلا تەمكىن قىياپەتكە كىردى، —

www.uyghurkitap.com

سىز بىلەن كۆرۈشتۈم، سىز بەختلىك بولسىڭىز ماڭا شۇلا كۇپايە.

— مېنى خىجىل قىلماڭ گۈزەلئاي، — شەپقەت گۈزەلئاينىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئەسەبىيلەرچە سىلكىپ كەتتى، — مەن ۋىجدانسىز... ئىرادىسىز ئادەم... مېنى تىللاڭ...

بازاردىن قايتىپ كەلگەن گۈلسارە ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلىدى، كۆردى. ئاھ، ئۇنىڭ ھەسرەت بىلەن تولغان يۈرىكى بۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن! ئۇ ئېتىلىپ كىرىپ ھېلىقى قىزنىڭ چاچلىرىدىن يۇلسۇنمۇ؟ ئۇنى ھەيدىۋەتسۇنمۇ؟ ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ھوقۇقى بار، شەپقەت ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئېرى. تېخى ئوغلىنىڭ دادىسى... گۈلسارە قورسىقىنى تۇتتى. باياتىن دوختۇرخانىغا ئۆزىنى تەكشۈرتكىلى كىرگەندىكى كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا گەۋدىلەنمەكتە ئىدى...

— بالىڭىز ئىككى ئايلىق بوپتۇ، ئۇمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش چىرايلىق، يولدىشىڭىزغا ئوخشاش بىلىملىك ئادەم بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال دوختۇر.

گۈلسارە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قانچىلىك خۇشال بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەمدى شەپقەتتىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن دەپ ئويلىغانتى ئۇ ئۆيگە كېلىۋېتىپ. ئۇ گۈزەلئاينى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچىمۇ بولدى. ياق، ياق، ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇمۇ مۇھەببەتنى دەپ ئاز ئازاب تارتتىمۇ...؟ گۈلسارە ئۆيگە كىردى. گۈزەلئاي بۇ چىرايلىق ئايالغا قاراپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

— ياخشىمۇ سىز گۈزەلئاي، — دېدى گۈلسارە ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىۋېتىپ.

— ياخشىمۇ سىز... سىز...

— مېنىڭ ئىسمىم گۈلسارە... قېنى كارىۋاتقا كېلىڭ، — گۈزەلئاي گۈلسارىنىڭ بۇ قىزغىن تەكلىپىدىن سەل ھودۇقۇپ قالدى. بىراق كۆڭلىدە كەچكەن خىياللىرىنى ئوچۇقلا دېيىشنى توغرا تاپتى.

— رەھمەت سىزگە گۈلسارە، سىز ھەقىقەتەن بەختلىك قىز كەنسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ، ھەم شەپقەتنى ئون يىل كۈتكەن بىر قىزنىڭ بەختى بىلەن ئۇنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىڭ گۈلسارە.

— گۈزەلئاي، شەپقەتتە گۇناھ يوق، ھەممە ئەيىب مەندە. مەن ئۆز بەختىمنى دەپ سىزنىمۇ، شەپقەتنىمۇ، ھەتتا ئۆزۈمنىمۇ بەختسىز قىلىپتىمەن، قېنى گۈزەلئاي ئولتۇرۇڭ، «يول ئازابى گۆر ئازابى» دەپتىكەن كونىلار. ھېرىپ - چارچاپ قالغانسىز. مەن چىقىپ تاماققا تەييارلىق قىلاي، دىدار غەنىيمەت. ئىككى ساۋاقداش بۈگۈن جەم بولدۇڭلار، ئىككىڭلار قانغۇچە پاراڭلىشىۋېلىڭلار، قانداق دېدىم شەپقەت، — گۈلسارە ھېچنېمە بىلمىگەن قىياپەتتە ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمە دېگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ھازىر ساھىبخان، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ياخشى كۈتۈشى كېرەك. ئۇ بىردەمدىلا بىر نەچچە خىل سەيلەرنى قورۇپ ئۈستەلگە تىزدى.

— مەن شەپقەتنىڭ توي قىلىپ بولغىنىنى ئاڭلىغان. پەقەت كۆرۈشۈپ كېتەي دەپلا كەلگەنتىم. مېنىڭ سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنى ۋەيران قىلىۋەتكۈم يوق. سىز شەپقەتنى بەختلىك قىلالايسىز گۈلسارە، — دېدى گۈزەلئايمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

تاڭ ئاتتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرلىرى ئۆي ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەن چاغدىلا گۈزەلئاي ئۇيقۇدىن ئويغاندى، گۈلسارىنىڭ ئورنىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇمۇ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. گۈزەلئاينىڭ كۆزى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەتكە چۈشتى: «... گۈزەلئاي، شەپقەت، مەن كېتىپ قالدىم. ئىككىڭلارنىڭ بەختى ئۈچۈن مەن ئاخىرى

مۇشۇنداق قارارغا كەلدىم. ئۈچ ئادەمنىڭ بەختسىز بولۇپ ياشىغىنىدىن، بىر ئادەمنىڭ بەختسىز بولۇپ ياشىغىنى ياخشىراق. شەپقەت مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن بۇنى توي قىلغاندىن كېيىنلا ئېنىق ھېس قىلدىم. شەپقەت مەن سىزگە دېمىگەنىدىم. تېخى تۈنۈگۈن دوختۇرخانىغا كىرگەنتىم. بويۇمدا بار ئىكەن. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە تېخى ئىككى ئايلىق بوپتۇ. خاتىرجەم بولۇڭ. بالىڭىزنى چوقۇم ياخشى باقىمەن. ئۇنى تەربىيىلەپ كەلگۈسىدە سىزگە ئوخشاش ئادەم قىلىپ چىقىمەن. مەن ياشاش يولۇمنى تېپىپ بولدۇم. مېنى ئىزدىمەڭلار، ئىككىڭلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ — گۈلسارە».



— گۈلسارە كېتىپ قاپتىما؟ — گۈزەلئاي بېشىنى كۆتۈردى. شەپقەت ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇراتتى. گۈلسارە بۇ ئائىلىدىن — ئۆزىگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان بۇ ماكاندىن ئۈن - تىنسىزلا كېتىپ قالغانىدى. شەپقەت ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئېغىر قايغۇغا چۆمگەن گۈزەلئاي ھەسرەت ئىچىدە شەپقەتنىڭ ئۆيىدىن ئاستاغىنە ئايرىلدى... ئېگىز تاغ باغرىدىكى جىرادا شەپقەت بىلەن گۈزەلئاي يەنە ئۇچرىشىپ قالدى.

— شەپقەت، مەن كەلمىسەم بوپتىكەن. سىزنىڭ تىنچ تۇرمۇشىڭىزنى ۋەيران قىپتىمەن. گۈلسارىنى ئىزدەڭ، ئۇنى چوقۇم تاپالايسىز. ئۇ تېخى يىراققا كەتمىدى، مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئائىلىڭىز ۋەيران بولمىسۇن، بالىڭىز كىشىلەرنىڭ قولىدا خارلىنىپ قالمىسۇن، مەن كىشىلەرنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ ياشاشنى خالىمايمەن، زادى خالىمايمەن. ئاخىرقى قېتىم مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئالمىسىڭىز سىزنى مەڭگۈ، مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن. سىز پەرزەنتىڭىز ئۈچۈن گۈلسارىنى بەختلىك قىلمىسىڭىز زادى بولمايدۇ. گېپىمنى ئاڭلا-ۋاتامسىز شەپقەت...؟! — گۈزەل-ئاي يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تېلىقىپ - تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى. شەپقەت نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ قەلبى تۇيۇقسىز چاقماق چېقىلغاندەك پاللىدە يورۇپ كەتتى. قەلبىدە بىر خىل يېڭى ئۇچقۇنلار يېلىنجاۋاتقان شەپقەت ئۆزىنى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك بەكمۇ يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ گۈزەلئاينى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ ئىسسىق، سۇزۇك كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويدى.

گۈزەلئاي بىلەن شەپقەتنىڭ كۆزلىرى ئېگىز ھەم بۈك - باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن تالا - تالا نۇرلىرىنى چېچىپ ئاستا يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا تىكىلگەنىدى. شەپقەتنىڭ كۆزلىرى تاڭ قۇياشىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ زادى نېمىگە يىغلايدۇ؟ ئەمەلگە ئاشمىغان پاك سۆيگۈسىگىمۇ؟ گۈلسارىنىڭ كېتىپ قالغىنىغىمۇ؟ تۇغۇلمىغان پەرزەنتى ئۈچۈنمۇ... بۇ ئۇنىڭ ھەسرەت يېشىمۇ ياكى خۇشاللىق يېشىمۇ؟ بۇ سوئاللارغا ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىزلا ئادىل جاۋاب بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

www.uyghurkitap.com



سىدىق قاۋۇز

# ماگىزىندىكى كومېدىيە

(ھېكايە)

«پاھ! سىزنىڭ ھەقىقەتەن ئېپىڭىز بار جۇمۇ! باشقىلارنىڭ سىزنى «ئەزىمەت» دېگەن باھاسى بۈگۈن راستتىنلا ئۆز قىممىتىگە يېتىپتۇ. مۇنۇ ئالتۇن بولاپكا بىلەن بۇ ئېسىل زىبىي بېزەكلەرنى تاللاپ خېنىمىڭىزنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلىپسىز. كۆرمىڭ ياقۇت تەڭگىچىلىرى بەجايىكى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ماۋۇ زەرباب دېرىزە پەردىسى بىلەن رەڭدار كەشتىلىرى خانىشنىڭ تاجىسىدىكى گۆھەردەك كۆزنى چاقنىتىدىغان كرېسلو ياپقۇچ خانىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، قوشنىلار ئىچىدە بىزنى يېگانە ئائىلىگە ئايلاندۇرسا ئەجەب ئەمەس. سىزنىڭ ھەمىشەم كۆڭلۈم قەسرىنىڭ سىرلىق قۇلۇپىنى ئاچىدىغان مۇشۇنداق خىسلىتىڭىز ماڭا بەك ياقىدۇ. ئەگەر بۇ قېتىمقى تۆھپىڭىزگە مۇناسىپ كېلىدىغانۋەزنى «رەھمەت»، «بارىكاللا» دېگەن ئۈستۈن تۇرىدىغان سۇپەت سۆزى بولسا، ئۇ جەزمەن سىزگە مەنسۇپ!»

بەزىلەر: «چۈش — ئالدىن كۆرەرلىكنىڭ ئىپادىسى، ئۇ، كۆز ئالدىڭىزدىكى ئامەت ۋە ئاپەتتىن، بەخت - سائادەت ۋە قايغۇ - ھەسرەتتىن بېشارەت بېرىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنىڭغا ئەزەلدىن ئىشەنگەن ئەمەسمەن. ئاقىللار: «مېڭە خۇددى رادىئو ئىستانسىسىغا ئوخشاش دولقۇن تارقىتىدۇ. چۈش — قارشى تەرەپنىڭ ئاشۇ سىگنالىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى نېرۋا پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى» دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ تازا ئىشىنىپ كەتمەيمەن. بىراق مەن، ئايالىمنىڭ كېچە كۆرگەن چۈشىدە قايتۇرغان ئىنكاسىغا جاۋابەن بۈگۈن ئەتىگەن تۇرۇپ، بەش كۈن ئىلگىرى خىلۋەتتىكىدەك بىر ماگىزىندا كۆرگەن ھېلىقى ماختاشقا سازاۋەر بېزەكلەرنى ئېلىش خىيالى بىلەن مېھمانخانىدىن چىقتىم.

مەن تراللېيبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئاسمان پەلەك بىنالار قەد كۆتۈرۈپ، ئادەملەر دېڭىزى بىلەن دولقۇنلىنىۋاتقان كوچىلارنى ئارىلاپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئۆزگىچە كىيىنىشىم سەۋەب بولسا كېرەك. خىلمۇ - خىل ئاھاڭ، خىلمۇخىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئوخشاشمىغان چىرايلار، خىلمۇ خىل تەبىئەتلىك ئادەملەر ماڭىلا تىكىلگەندەك بىلىنەتتى. خۇشسۈسەن بېشىمدىكى چىمەن دوپپا، ئۈستۈمدىكى كانۋا كۆڭلەك ئۇلارنى ماڭا قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. تراللېيبۇس ھەر بىر بېكەتتە توختىسا يولۇچىلار يېڭىلىنىپ، يېڭى چىرايلار سەپكە قوشۇلاتتى. مېنىڭ مەنزىلگاھىم قەشقەر كوچىسى بولۇپ، ئارىلىقى ئېھتىمال ئون كىلومېتىرچە كېلەر، ئۇ يەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۈچ يول ئالمىشىپ، يىگىرمە بېكەت ئاتلىشىم كېرەك. بۈگۈن يۈرىكىم بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە گۈپۈلدەيتتى. بۇنىڭغا تەنھالىقىم سەۋەبچى. غەربنىڭ ۋەھىمە، تراگېدىيىلىك پاجىئە بىلەن تولغان كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تولا كۆرۈپ قورقۇنچاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. شۇڭا يالغۇز يول يۈرسەملا جىن چاپلىشىۋالىدىغاندەك

تەمتىرەپ ئولۇڭ ـ سولۇمنى تاپالماي قالىمەن. مەنلا ئەمەس، ئۈچ مىللەتتىن بولغان ئالتە ھەمراھىمنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاشلا ئېھتىياتچان ئالىيجانابلاردىن ئىدى. شۇ تۇپەيلى بىر ئايلىق جاھانكەشتىلىك پۇرسىتىدە كۆپىنچە كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتۇق. بۇ شەھەر ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىمىز بولۇپ، بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاخىرقى بىر كۈنىمىز ئىدى. ئەتە بۇ يەر بىلەن خوشلىشىپ، ئوت ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئالتۇن دىيارغا قاراپ سەپەر تۈتىمىز. شۇڭا بۈگۈن ئۆزگىچە ئېھتىياج، ئوخشاشمايدىغان ھاجەتلەر بىزنى باشقا ـ باشقا لىنىيىلەرگە بۆلۈۋەتكەنىدى.

مەن قارارگاھىمغا يەتتىم. ئالدىمدىكى ئىككى قەۋەتلىك ماگىزىن ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىكى كاتتا شەھەردە ئاسمانغا تۈۋرۈك بولغۇدەك ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىسمۇ قوينى دېڭىزدەك كەڭ بولۇپ، «جەنۇبىي دېڭىز سودا سارىيى» دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋرىشكە جاھازلىرى ۋە پوكەيلىرىدىكى رەڭگا رەڭ نەپىس بۇيۇملار خۇسۇسەن ئۆي جابدۇقلىرى، زىبۇ زىننەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر ئادەمنى تاڭ قالدۇراتتى.

مەن پەلەمپەيلەردىن ھالقىپ ئەمدىلا ئىككىنچى قەۋەتكە قەدەم ئېلىشىمغا شەلپەررەڭلىك ئېسىل بىر قۇتىغا پۇتلاشتىم. مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمىگەن ھالدا ئۇنى ئەيمىنىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە قولۇمغا ئالدىم. قۇتىنى ئېچىۋىدىم، ئالتۇن زەنجىر، ياقۇت كۆزلۈك ھالقا، ئالتۇن بۇلاپكا دېگەنلەر كۆزۈمنى چاقنىتىۋەتتى. ئادەمنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم كۈلكىسىگە، تۇرقىغا، شېرىن سۆزلىرىگە قاراپ قەلبىگە باھا بەرگىلى بولمىغىنىدەك بۇ نەرسىلەرنىڭمۇ جىلۋىسىگە، رەڭگىگە قاراپلا راست ـ يالغانلىقىنى پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئويلاپ قالدىم: ئۇنى قانداق بىر شور تەلەي چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ ئەگەر مال ئىگىسى بىخەستەلىكىنى سەزسە، كۆڭلى قانچىلىك ئازابلىنار؟!

ـ سېنى قۇتلۇقلايمەن ئاق يوللۇق يىگىت، ئەتىگەندىلا ئامەت پەرىسى ئالتۇن تەڭلىگەندىن قارىغاندا سەن جاھاندا بىردىنبىر تەلەيلىك ئادەم ئىكەنسەن. ساڭا مۇبارەك بولسۇن، ـ قەيەردىندۇر يېنىمغا ئۈنگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى خىيالىمنى بۇزدى ـ دە، ھېيىقمايلا قۇتىنى قولۇمدىن ئېلىپ، ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، خۇددى ئالتۇننىڭ تىلىنى بىلىدىغان سەرراپلاردەك، ئۇنى دەڭسەپ باھالاشقا كىرىشتى:

ـ ۋەزنى، رەڭگىدىن قارىغاندا بولار چوقۇم راست، ـ ئوتتۇرا بوي، ئاۋاق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغان سول قولىنىڭ بىگىز بارمىقىدىكى زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكى، ئۈستىمىزدىكى يەلپۈگۈچنىڭ زورىدا لىپىلداۋاتقان ئاق يىپەك كۆڭلىكى، قىزىل خۇرۇم بەتىنكىسى ۋە يېڭىلا مايلاپ كەينىگە قايرىپ تارالغان قاپقارا چاچلىرى ئۇنى سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى.

ـ ئىككىڭلارنى تەبرىكلەيمەن، ـ دېدى تېپىك مودا كىيىملەر پۇركەنچىسى ئىچىدە غادىيىپ تۇرغان يىگىرمە سەككىز ياشلاردىكى ئېگىز بوي، خام سېمىز بىر يىگىت گەپكە قوشۇق سېلىپ، ـ يۈرۈڭلار پەسكە چۈشۈپ ئازادە پاراڭلىشايلى، بۇ يەر سۆزلىشىشكە بىئەپ.

ـ كەچۈرۈڭلار، مېنىڭ ۋاقتىم بەك زىچ، ئارتۇقچە گەپ، ئورۇنسىز ئىشلارغا رايىم يوق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ نېمىگە ئالدىرايسەن، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتۇ. ئاۋۋال ماۋۇ نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ يانچۇقنى تومىلىساق كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

ھەي، مەن خاتا قىپتىمەن، باياتىن بېرى ئۇندىمەي بىز بىرىپلا تۇرغاندىن كېيىن ھازىرمۇ جاھاندىن بىخەۋەر گاچا، پاك بولۇپلا قۇتۇلسام بولماسمىدى؟ زۇۋان سۇرۇپ بىر ئېغىز گەپ قىلىۋىدىم، بالاغا قالدىم. مانا ئەمدى ئۇلار مېنىڭ بېجىرىم ئادەم ئىكەنلىكىمنى سېزىپ كوكۇلامغا ئېسىلىشتى.

بىز بىنادىن چۇشتۇق، ئۇلار مېنى ماگىزىننىڭ يېنىدىكى ئادەمدىن خالىي تارچۇقا باشلاپ كەلدى. كۆڭلۈم دەككە ـ دۇككىگە چۇشۇپ تېنىمگە سەل تىترەك ئولاشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ تېگىگە كىشى دەرھال چۇشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىر خىل خۇنۇكلۇك يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

ــ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدىم مەن جىددىي تەلەپپۇزدا.

ــ باشقىچە ئويلاپ قالما بۇرادەر، بىزدە غەيرىي نىيەت يوق، قولۇڭدىكى گۆھەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسەكلا ئىش پۇتىدۇ، ــ دېدى دارازا قۇتىنى ئىما قىلىپ.

ــ بۇنى مەن تېپىۋالدىم، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى تامامەن ئۆزۈم قارار قىلىشقا ھەقلىق.

ــ ياق، ــ دېدى ئاۋاق بېشىنى چايقاپ، ــ ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئۇنى ئاۋۋال مەن كۆرۈۋېدىم، بىراق قول ئۇزاتقىچە سەن چاپسان كەلدىڭ.

ــ توغرا ئەمەس، ــ دېدى دارازا شاپاشلاپ، ــ بۇ گۆھەرلەرنى ئىككىڭلاردىن بۇرۇنراق ئۇچراتقىنى مەن ئىدىم، ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئىزتىراپتا تۇرسام سەن ئالدىڭ، مانا ئەمدى تەپ تارتماي ئىككىڭلار تالىشىۋاتىسىلەر، ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ بىر ئۇلۇش نېسىۋەم بار.

ــ بولدى، بولدى. ئارتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرمايلى، بۇ غەنىيمەتلەرنى ئۇچەيلەننىڭ ئورتاق بايلىقى ھېسابىدا تەڭ تەقسىم قىلساق بولمىدىمۇ؟

ــ مەن قوشۇلمايمەن، ــ دېدىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ــ قان ـ تەرىمىز سىڭمىگەن بۇ نەرسىلەر بىزگە ھارام، ئۇنىڭدا ھېچقايسىمىزنىڭ ھەققى يوق.

ــ ئاغىنە، گېپىڭ قاملاشمىدى، ــ دېدى دارازا مەمەدانلىق قىلىپ، ــ ھازىر ھالال ـ ھارام بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇشقا چولام يوق، مال كىمنىڭ قولىدا بولسا، ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. مانا ئۇ ئۇچىمىزنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ، قانداق قىلساق ئۆزىمىزنىڭ ئەركى.

ــ تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ياكى ج خ ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ــ پۇقرالار ئورتاق رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانى. بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەرغۇ دەيمەن؟

ــ ئەخلاق ـ پەخلاقىڭنى قوي ئاغىنە، ــ دېدى دارازا تېرىكىپ، ــ بۇ نېمىلىرىڭ مېنىڭ تۇرمۇش كىتابىمدا يوق. ھازىر جانغا ئەسقاتىدىغىنى پۇل. پۇل بولسا جەمئىيەتتە ئورنۇڭمۇ بولىدۇ، گېپىڭمۇ ئۆتىدۇ. سېنىڭ قاتمال كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىشىڭگە ياردەم بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. مۇبادا بۇلارنى ج خ ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسەڭ ساڭا قانچىلىك ئىنئام بېرەر؟!

ــ مەن پۇل، مال ـ دۇنيا دېگەنلەرگە ئۇنچىلا چوقۇنۇپ كەتمەيمەن. چۈنكى ئۇ ھەممىگە قادىر ئىلاھ ئەمەس. بولۇپمۇ ۋاستە تاللىماي ئېرىشكەن رەزىل پۇل مېنى قاتتىق ۋىجدان ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ.

— قېرىنداش، سەن تولىمۇ ساددا ھەم ئاقكۆڭۈل ئىكەنسەن، — دېدى ئاۋاق مېيىغىدا كۈلۈپ، — قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىڭ ئېسىڭدە بولسۇن. قارىغاندا رېئاللىقنى ئاسانلىقچە ئېتىراپ قىلمىغۇدەكسەن.

ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئالدىمدا تۇرغان بۇ يوچۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە نېمە ھىيلە - مىكىرلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى ماڭا قاراڭغۇلۇق. مەن غالىب ئورنىدا تۇرساممۇ يۈرىكىم قانداقتۇر بىر خىل پېشكەللىكنى سېزىۋاتقاندەك ئەنسىز سوقۇپ تېنىم شۈركىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى، ئادەمنىڭ نېرۋىسىغا تېگىدىغان بوڭ - بوڭ قوڭغۇزنىڭكىدەك ياۋا ئاۋازى، سۈنئىي كۈلكىسىدىن تارتىپ، ئېغىزلىرىدىن قويۇندەك ئايلىنىپ چىقىۋاتقان كۆلرەڭ تاماكا ئىسىغىچە سىرلىق تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ دارازىنىڭ سۈرلۈك چىرايى، چېقىر كۆزلىرى تېخىمۇ خۇنۈك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاۋاقنىڭ يەنە زۇۋانى ئېچىلدى:

— مۇنازىرىنى مەشەدە ئاخىرلاشتۇرۇپ، مالنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، مېنىڭچە ئۇنى پۇلغا ئايرىۋاشلىغىنىمىز تۈزۈك. بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەيمىز. شۇڭا ئالدى بىلەن ھەر بىرىمىز مىڭ يۈەندىن پۇلنى رەنىگە قويۇشىمىز كېرەك. — ئاۋاق شۇنداق دېدى - دە، يۈز يۈەنلىكتىن ئونىنى سومكىسىدىن «شارتتىدە» سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈش دەستىكى قىلماقچى بولدى. دارازىمۇ خۇشياقمىغاندەك قىياپەتتە ئوخشاشلا يۈز يۈەنلىكتىن ئونىنى ئېلىپ ئاۋاققا ئۇزاتتى.

— مەندە پۇل يوق، — دېدىم ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ، — يانچۇقلىرىم قاغجىراپ كەتتى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما شىنجاڭلىق، — دېدى دارازا قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى تامغا سۈركەپ تۇرۇپ، — سەن تۆت مىڭ - بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن گۇاڭجۇغا قۇرۇق قول كەلمەيسەن. — ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا قولىدىن ھەر بالالار كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ماڭا ھۆرپەيدى.

— مېنى قۇۋلۇق قىلىۋاتىدۇ دەمسىلەر؟ مەن سودىگەرچىلىككە ئەمەس، ساياھەتكە كەلگەن. مائاش كىرىمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر ئاددىي خىزمەتچىدە سىلەردىكىدەك كۆپ ئاقچا بولاتتىمۇ؟ ئائىلىدىن ئايرىلغىلى بىر ئايدىن ئاشتى. ئەكەلگەن پۇللىرىم خەجلىنىپ تۈگىدى، قالغىنى مانا مۇشۇ بىر يۈز يىگىرمە يۈەن، — بۇ پۇل قانداقلارچە قولۇمغا چىقتىكىن، ئۇنى ئۆزۈممۇ سەزمىدىم.

— قېرىنداش، مەن سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن چوت سوقۇۋاتىمەن، — دېدى ئاۋاق ماڭا كۆيۈنۈۋاتقان قىياپەتتە مۆرەمگە نوقۇپ تۇرۇپ، — بۇ سودىدىن بىر مىڭ بەش يۈز يۈەنلىك نەپكە ئېرىشىشىڭ مۇمكىن. سېنىڭ بەك ئالدىراۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. بىزمۇ ۋاقىتنى ئۇتتۇرۇۋېتىشنى خالىمايمىز. قېنى يانچۇقلىرىڭنى يەنە ئاختۇرۇپ كۆر.

— بۇ نەرسىلەردە مېنىڭ ھەققىم يوق، ئۇنى ئىككىڭلار نېمە قىلساڭلار ئىختىيارىڭلار، — مەن قۇتىنى ئاۋاققا تۇتقۇزۇپ مېڭىشقا تەمشەلدىم.

— ياق، سەن ئەمدى بۇ ئوقەتكە چېتىلىپ قالدىڭ، ئاخىرىغىچە بىزگە ھەمكارلاش، — دارازاچۆجە ئېلىشقا تەييارلانغان سادەك قاناتلىرىنى كېرىپ ئالدىمنى توستى.

ئۇلار ماڭا رودىپايلاردەك چاپلى-

شۇۋاتاتتى. مېنىڭ بۇ پۇل مەستانىلىرىدىن قۇتۇلۇشۇمغا كۆزۈم يەتمىدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ياتلارغا ئەسىر بولۇپ قېلىپ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان بىچارە قۇلدەك ھېس قىلىشۋاتاتتىم.

— ئاغىنە، چاپسان بول، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشنىڭ ھېچقايسىمىزغا پايدىسى يوق...

ئۇلار بىلەن يەنە قارشىلىشىشنىڭ ئۇنۇمى بولمايدىغانلىقىنى پەملىدىم. شۇڭا ئېھتىيات «ھەميان» لىرىمدىكى ئاقچىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ تېرىپ ئېلىپ ئاۋاققا ئۇزاتتىم.

— يەتتە يۈز توقسان يۈەن؟ — ئاۋاق پۇلنى ساناپ ھېسابىنى ئالغاندىن كېيىن ماڭا يەنە سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.

— شۇنداق، بارنىڭ ھەممىسى شۇ، ئىشەنمىسەڭ ئاختۇرمامسەن؟

— بولدى، بولدى، پېقىرنى ئۇنداق گۇمانخور، كۆزى كىچىك چاغلىما، — دېدى ئاۋاق پۇلنى جەملەۋېتىپ، — يىراقتىن كەلگەنلىكىڭنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن كېمىدىن كەچتىم. ئاۋۇ دوقمۇشتا مەخسۇس ئالتۇن - كۆمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت سودىسى قىلىدىغان بىر دۇكان بار. مەن بۇلارنى پۇلغا ئالماشتۇرۇپ كېلەي، ئىككىڭلار مېنى مەشەدە كۈتۈڭلار، ئاغىنە، بۇ پۇلنى سەن ساقلا، — ئۇ دارازىنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىپ ئىككى مىڭ يەتتە يۈز توقسان يۈەننى ئىككى باغلام قىلىپ جايلاشتۇرغاندىن كېيىن سىيرىتمىغا كىچىك تۇچ قۇلۇپنى سېلىپ، سومكىنى ۋە ئاچقۇچىنى ماڭا تۇتقۇزدى - دە، مېنى يىگىرمە مىنۇتقا يېقىن كولدۇرلاتقان قارىغىش تەگكۈر قۇتىنى ئېلىپ دوقمۇشقا قاراپ ماڭدى.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەي ماگىزىننىڭ ئالدىغا بىر قىزىل سىرلىق تاكسى كېلىپ توختىدى.

— ئاپلا، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، دۇكاننى ئاچماپتۇ. ئۇلار بىر ئاۋۇنىڭ خەنجىرىدە جان ئۈزگەن بىر سەپدىشىنى باقىي ئالەمگە ئۇزىتىۋاتقۇدەك، ئەمدى خۇسۇسىي سەرراپنى ئىزدىمەي بولمىدى، — دېدى ئاۋاق تاكسىدىن چۈشۈۋېتىپ، — قېنى ماشىنىغا چىقىڭلار. — بۇ گەپتىن تېنىم قاتتىق شۈركىنىپ، ئۇلار ھېلىلا غىلاپىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلەيدىغاندەك ۋۇجۇدۇم بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى. بەلكىم ئۇ ماڭا قىلغان ھەيۋە - پوپوزا بولسا كېرەك.

تاكسى باش - ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل كارۋانلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپ، بىزنى شەرقىي يۆنىلىشتىكى كوچىلارنىڭ بىرىگە ئېلىپ ماڭدى. نەمخۇش بورۇختۇم ھاۋادا چىلىق تەرگە چۆمگەن بەدىنىم تاكسىنىڭ كۆكسىدىكى سوۋۇتقۇچتىن تارىغان سوغۇق شامالدىن ھوزۇر ئېلىپ سەگىمەكتە. مېنى تەقىب ئاستىغا ئالغان ساقچىدەك ئىككى يېنىمدا قىستىلىپ ئولتۇرغان ئىككى تاپاۋەتچى سۆكۈتكە چۆككەندى. گادىرماچ خىياللار بىلەن ئۆرتىنىۋاتقان كۆڭلۈم مېنى توختاۋسىز ئەيىبلىمەكتە. ئۆمرۈمدە يولۇقمىغان، ھەتتا چۈشۈمدە كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن بۈگۈنكىدەك تاسادىپىيلىق-نىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم.

تاكسى مەنزىلگە يەتكەن چېغى، بەش مىنۇتتىن كېيىنلا تۆت كوچىنىڭ ئېغىزىدا چەتكە قايرىلىپ توختىدى.

— مەن سەرراپ دۇكىنىغا بېرىپ كېلەي، — دېدى تىزگىن تۇتۇۋاتقان ئاۋاق، تاكسى شوپۇرىغا پۇل تەڭلەپ تۇرۇپ، — يىگىرمە مىنۇتتىلا ئىش پۈتىدۇ.

بىز دەرەخ سايىسىغا زوڭزىيىپ

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتتۇق. يىگىرمە مىنۇت شۇنچە تەستە ئۈزۈلدى. تۆت پەسلىنىڭ چېگرىسى ئانچە ئېنىق بولمىغان تروپىك بەلباغ شەھىرىدە مۆتىدىل بەلباغ ئادىمى ئۈچۈن بىر مىنۇتنى ئۆتكۈزۈشمۇ قىيىن تۇيۇلاتتى.

— ئاناڭنى، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، تېخىچە كەلمىگىنىنى قارا، — دېدى دارازا سائىتىگە قاراپ.

— سەن ئۇنى تونۇمسەن، ئۇ نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — مەن دارازىدىن سورىدىم.

— ياق، — دېدى ئۇ باش چايقاپ، — ئۇنىڭ نام - ئەملى، كەسپى توغرىسىدا پەقەت ساۋاتىم يوق. بۇرادەر، سەن مەشەدە ساقلاپ تۇر، مەن ئۇنى ئىزدەي، ئۇ بىزنى ئالداپ قاچمىسۇن يەنە. — سائەت ئىستېرىلكىسى توققۇز يېرىمنى كۆرسىتىپ، مۆھلەتتىن ئون مىنۇت ئۆتكەنىدى.

دارازىمۇ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. قۇياش نۇرىغا دال بولسىمۇ دېڭىز كىلىماتىغا خاس نەمخۇش ئىسسىق ھاۋانى سۈۋۈتۈشقا قۇربى يەتمەيدىغان شالاڭ يوپۇرماقلىق شەمشات، كەڭ يوپۇرماقلىق چىنار دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىدە تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆتكەن ۋاقتىم تولىمۇ مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك بولدى. رەستىلەردىن موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان پىكاپلارنىڭ سىگناللىرى كىشىلەرنىڭ تەرتىپسىز ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىزارلىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتمەكتە.

توپتوغرا يېرىم سائەت ئۆتتى. ھېچقايسىسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «ئۇلار مېنى، ياق قولۇمدىكى سومكىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ؟ پۇلپەرەستلىك، ھالال بىلەن ھارامنى ئىلغىمايدىغان تاپاۋەت ئېڭى ھەر بىر كىلىتكىلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن بۇ كىشىلەر ئىككى مىڭ يۈەننى بىكاردىنلا چۆنتىكىمگە سېلىپ بېرىدىغان ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس. سومكا قولۇمدا بارغۇ، ئۇلار چوقۇم كېلىدۇ.» مەن مۇشۇ ئويىنىڭ زورى بىلەن يەنە يىگىرمە مىنۇت كۈتتۇم. ئۇلاردىن دېرەك بولمىدى. ئاخىرى تاقىتىم چېكىگە يەتتى - دە، زىبۇزىننەت ماگىزىنىغا قايتىپ، سومكىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتىم. ئۇنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق تۇراتتى. ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولغۇدەك ئىش دەڭا! خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى مېنىڭ قولۇمدا تۇرسا پۇل قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلار «سۇف» دەپلا بىر ئەپسۇن بىلەن خەقنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى «خىسلەتلىك» كولاھسىغا تارتىۋالىدىغان «غەربكە ساياھەت» تېلېۋىزىيە تىياترىدىكى جادۇگەرلەردىن ئەمەستۇ؟! مەن سومكىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئىنچىكىلەپ تەكشۈردۈم. راستتىنلا ھېچنېمە يوق ئىدى. سىركىچىلەرنىڭ كۆز باغلايدىغان سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىغا خاس ياسالغان تىلسىمات ساندۇقتەك بۇ سومكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىمالال سۇغۇرۇۋېلىشقا بولىدىغان قاپقاقلىق پەنجىرە بارلىقىنى سىرتتىن قاراپ ھەرگىز پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يارەببىم، مۇشۇنداق سېھرىي «تالانتى» بار بۇ ئادەملەرنىڭ ھەر ھالدا مېنى تۇيدۇرمايلا يۇتۇۋەتمىگەنلىكىگە شۈكرى! ئۇلار مۇشۇ ئەپچىل «كوزىر» بىلەن يەنە كىملەرنىبابلىدىكىنە؟! تەبەسسۇم نىقابى ئىچىدىكى ئىللىق چىراي، سىپايىلىقنى ئادەت قىلغان ئاۋاق سىما تەڭلىگەن «كۆيۈنۈش» ماركىلىق ساختا شاراب مېنى بىھوش قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك، بېشىم قايغاندەك بولدى. بۇ مەندەك ۋەتەنىنىڭ ئۇ چېتىدىكى غەربىي چېگرىدىن كەلگەن مۇساپىر ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش، ئىقتىسادىي بوھران. مەن نېمىشقا مۇشۇ كىرىزىسنىڭ شەپىسىنى

www.uyghurkitap.com

سەزمىدىمكىنە؟! كىشىلەرنىڭ سىپايە تۇرقى، ياغلىما گەپلىرىگە قاراپلا باھا بېرىش ئەڭ چوڭ دۆتلۈك ۋە ئەخمەقلىق. سەل قاراش، تېگىرقاش ۋە بىخۇتلۇق خاھىشى ئىچىدە بۇ بىر پېشكەللىككە مۇپتىلا بولغان مەندەك ئادەمنى «دۆت، قارىغۇ» دېسە يارىشىدۇ. ئۇنىڭ «ئۇۋچى» لارنىڭ توزىقى، شۇملۇقىنىڭ كۆلەڭگىسى ئىكەنلىكىنى ئەدىن بىلەي. مەن غەزەپ ـ نەپرەت، ئۆكۈنۈش، ھەسرەت ۋە پۇشايمان گىرەلەشىپ كەتكەن روھىي ھالەت ئىچىدە ئۆزۈمنى تىنماي قامچىلىدىم. ئەمدى قەيەرگە ئۇسۇشۇم كېرەك؟ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلايمۇ ياكى ج خ ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلايمۇ؟ ياق، پايدىسى يوق. گۇاڭجۇدەك كاتتا شەھەردە ئادەم ئىزدەش ــ دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەكلا بىر ئىش. مەن بىر نەرسە تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان بومبىدەك ئەسەبىي ھالغا كېلىپ قالغانىدىم. شۇڭا ئۆز ـ ئۆزۈمدىن زارلىنىپ، ئۇستۇمگە بىر پاتمان غەم يۈكىنى ئارتىپ مېھمانخانىغا قايتتىم. يەتتە يۈز توقسان يۈەن مېنىڭ ئىككى ئايلىق قان ـ تەرىمنىڭ مېۋىسى ئەمەسمۇ؟ ھەر نېمە بولسا پويىز كىراسىغا چۈشلۈق پۇلنى ياتاقتا قويغانىكەنمەن. شۇنداقتىمۇ ماڭا موھتاجلىق كۈنلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. يانچۇقۇمدا تراللىبوس كىراسىغا تۆلەيدىغانغا موچەننىڭ ئۇۋۇقىمۇ قالمىغاچ تاكسىغا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى سائەت بىردە ۋوگزالغا بېلەت ئېلىشقا بېرىشىمىز كېرەك ئىدى.

ياتاققا كىرگىنىمدە سەپەرداشلىرىمنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ، مېنىڭ يولۇمغا تەقەززا بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار كەيپىياتىمدىكى نورمالسىزلىقلارنى بايقىغان چېغى، ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ھەممىسى بىردەك: «ساڭا نېمە پېشكەللىك يەتتى، مىجەزىڭ يوقمۇ قانداق؟» دەپ سوئال ياغدۇرۇشتى.

تېنىم جۇغۇلداپ، كۆز چاناقلىرىمغا ياش يۈگۈردى. مەن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ماگىزىندىكى كومېدىيىنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئۇلار ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قەۋەتلا ھېسداشلىق قىلىشىپ، كاززاپلارنى نەپرەت ئاستىغا ئېلىشتى.

ــ بىزنىڭ ھايات بوستانىمىز ــ ئىسلاھات دولقۇنىدا تەۋرەۋاتقان بۇ گۆھەر زېمىن چاڭ ـ توزان، زىيانداش ھاشاراتلاردىن خالىي ئەمەس. تۇرمۇش مۇھىتىمىزدا ھامان ئۇلۇغلۇققا رەزىللىك، ئالىيجانابلىققا پەسكەشلىك، گۈزەللىككە سەتلىك، چىنلىققا ساختىلىق، ياخشىلىققا يامانلىق، ئاقىلانىلىققا رەڭۋازلىق، سەمىمىيلىككە ئۆكتەملىك كۈشەندىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. پەلسەپەشۇناسلارنىڭ لوگىكىسى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خىل زىتلىق قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى (زىددىيەت) قانۇنىدۇر. سەنمۇ، مەنمۇ، ئاقىلمۇ، نادانمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ھەر قانچە تەگىسەڭمۇ، قاقشىساڭمۇ زىيان ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئىچىڭنى پۇشۇرۇپ كۆڭلۈڭنى ئۇپراتما. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سەن قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن باسىدىغان، نەزەرىڭنى كەڭرەك تاشلاپ، جەمئىيەتكە، ئەتراپىڭغا ئىككى كۆز بىلەن قارايدىغان بولىسەن.

نائەھلىلەرنىڭ خۇپىيانە قىلمىشلىرى، ئەخمەق قىلىشلىرى ۋە كەمپۈت قەغىزىگە ئورالغان زەھەرلىك ئوقىدىن زەردىلىنىپ ئازابلىنىۋاتقان كۆڭلۈم ئۇلارنىڭ، خۇشۇسەن دوستۇم ئابلەتنىڭ دانالەرچە سۆزلىرىدىن چوڭ تەسەللىگە ئېرىشىپ ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. توغرا، كىشىلەر ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا بىر ئەقىل تېپىپ ئۆمۈرلۈك ساۋاققا ئېرىشىدۇ. ئىككى سائەت ئىچىدىلا ھايات خاتىرەمگە يېزىلغان بۇ ئاچچىق قۇرلار مېنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە بولغان سادا، يۈزەكى قارىشىمنى ئۆزگەرتىشىم ئۈچۈن ئەينەك بولغۇسى، ئۇنىڭدىن بەلكىم، يېزىلىغان، مىڭلىغان كىتابخانلارمۇ ئىبرەت ئالار!

تەھرىرى: *دىلنۇر ئابلىز*

— ئا. ناسىر يۇنۇس (ياۋايى)

# كاككۇك كۆلى

(ھېكايە)

قەدىرلىك ئانا، مەن خېتىمنى باشلاشتىن بۇرۇن سىزدىن كەچۈرۈم سورىماقچى. مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ ئانا!... مېنىڭدەك بىر ئەقىلسىز ئوغۇلنى تۇغۇپ، ھالال ئاق سۈتىڭىزنى بېرىپ، ئېغىر جەبىر ـ جاپالار بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان مېھنەت ـ ئەجرىڭىز ئۈچۈن ئالدىڭىزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سورىماقچى ئىدىم. لېكىن... لېكىن جېنىم ئانا، بۇ خەتنى يېزىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە سىزگە بولغان ھۆرمەت ـ ساداقىتىم، ئەقىدە ـ ئىخلاسىم سىزگە بولغان نەپرىتىمنىڭ ئورنىنى ئالالمىدى!... ئۆرتىنىپ كېتىۋاتىمەن جېنىم ئانا. سىز نېمىشقا، زادى نېمىشقا مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز!؟ مەنمۇ شۇ چاغدا قانسىراپ ئۆلۈپ كەتسەم بولماسمىدۇ؟!...

جېنىم ئانا. بىلىمەن، سىز مېنى كىچىكىمدىن تارتىپ شۇنداق ئارزۇلاپ باقتىڭىز. مېنىڭ ئۈچۈن بارلىقىڭىزنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدىڭىز... مەن شۇنداق چوڭ بولدۇم. گەرچە تۇرمۇشىمىز سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇقتىنمۇ نەچچە ـ نەچچە مىڭ ھەسسە قاتتىق غورىبەتچىلىك، يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا قاتمۇ قات ياغ ـ گۆشلەر ئىچىدىكى بۆرەكتەك ھېچقانداق مۇلدۇر ـ يامغۇرسىز، بوران ـ شامالسىز چوڭ بولدۇم. سىز ئۆزىڭىز بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالسىڭىزمۇ، جۇلدۇر ـ كېپەن قەلەندەر سىياقىغا كىرىپ قالسىڭىزمۇ مېنى خۇددى شاھزادىلەردەكلا ئەتىۋارلاپ باقتىڭىز. پەقەت مەنلا خۇشال بولسام سىز ئۆلۈشكىمۇ رازى ئىدىڭىز... مەنمۇ سىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتىم، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى كۆڭلۈمگە بىرمۇ ـ بىر پۈكۈپ ماڭاتتىم. سىزنىڭ مېنى شۇنچە ئەتىۋارلىغىنىڭىزغا يارىشا مەنمۇ شۇنداق ئەقىللىق چوڭ بولدۇم. مەكتەپلەردە ياخشى ئوقۇپ دۆلەتنىڭ رەسمىي بىر كادىرى بولدۇم!... سىزنىڭ خۇشلۇقىڭىز ئىچىڭىزگە سىغمايتتى. سىز كۈلەتتىڭىز. تارتقان شۇنچە ئېغىر جەبىر ـ جاپا، مېھنەتلىرىڭىزنىڭ، ئەجىر ـ ئەمگەكلىرىڭىزنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىدىن سۆيۈنەتتىڭىز. سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بىر خۇشلۇقنى، تەبەسسۇمنى، رازىمەنلىكنى، ھاياجاننى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. دېمەك سىز ئەمدى مېنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ خاتىرجەم بولغاندەك قىلاتتىڭىز!...

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى سىز مېنىڭ توي قىلىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. مەن گەرچە يەنە بىر ـ ئىككى يىل تۇراي دەپ ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن كۆزلىرىڭىزنىڭ تېگى ـ تېگىدىن چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلارنى كۆرۈپ تەلىپىڭىزگە قوشۇلدۇم. بىراق قىز تاللاش ئىشىغا كەلگەندە زادىلا بىرلىككە كېلەلمىدۇق! سىز ھە دېسىلا مەھەللىمىزدىكى بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ قىزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدىڭىز. لېكىن مېنىڭ يۈرىكىم، بارلىقىم ئاللىقاچان باشقا بىر قىز، ياق، باشقا بىر ئىلاھ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ

بولغانىدى! بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيتتۇق. ئۇ مېنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن مەن ئوقۇغان مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ مۇشۇ ئىدارىغا ئىشقا چۈشكەن. كەسپىمىز ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئىشخانىدا ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالغانىدى. قىز ماڭا تۇنجى كۆرۈنۈشتىلا شۇنداق ياخشى تەسىر بەرگەنىدى. ئۇ شۇنداق ئوماق، سەبىي، مېھىرلىك ۋە لاتاپەتلىك، نازىنىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن قانچە ئۇزۇن پاراڭلاشساقمۇ پارىڭىمىز زادىلا تۈگىمەيتتى. بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئاساسەن يېزا ئىگىلىك كەسپى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا بىز يېزىلارغا چۈشەتتۇق. مەن پەۋقۇلئاددە جىددىي خىزمەت بولمىسا ئۇنى قىينىلىپ قالمىسۇن دەپ ئىشخانىدا قويۇپ، ئۆزۈم يالغۇز يېزىلارغا كېتەتتىم. قايتىپ كەلگەندە ئۇ يۈگۈرۈپ ئالدىمغا چىقاتتى. ئالەمچە مېھىر بىلەن ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ:

— ھېرىپ قالدىڭىزمۇ... يالغۇز قىينىلىپ قالدىڭىزمۇ، — دەپ سورايتتى.

— ياق مەنزىرە، ھېرىپ قالمىدىم، — دەيتتىم ئۇنىڭ مۆڭلۈق كۆزلىرىگە تىكىلىپ. مەن ھەر قانچە ھېرىپ - چارچاپ كەتسەممۇ ئۇنى كۆرسەملا ھاردۇقۇم چىقىپ قالاتتى.

— سىزگە قېتىق ئەكىرىپ قويغان، ئىچىۋېلىڭ، — دەيتتى ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ.

ئۇ مېنىڭ يەل - يېمىش، قېتىق دېگەندەك نەرسىلەرگە ئامراقلىقىمنى بىلەتتى. ئەسلى مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئىسسىقى بولۇپ، دائىم سوغۇقلۇق يېمەكلىكلەرنى يەپ تۇرمىسام ئاسانلا يېتىپ قالاتتىم.

— مەنزىرە، نېمانچە قىلىسىز، ئۆزۈم ئەكىرىپ ئىچەتتىم ئەمەسمۇ؟

— مەن ئەكىرىپ قويغىنى بولمامتىكەن؟ بوپتۇ ئەمىسە، ئىچمىسىڭىز تۆكۈۋېتەي!

ئاھ! ئۇنىڭ شۇ دومسىيىپ قاپاق تۈرۈشلىرى...! ئۇ نازلىق ئاچچىقلايتتى. ئۇ شۇنداق چاغلاردا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، ئوماقلىشىپ كېتەتتى!

— كىم ئىچمەيمەن دەپتۇ؟ سىزنى ئاۋارە بولمىسۇن دەپ...!

— نېمە ئاۋارىچىلىق بۇ. مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىق بولسا مەن مىڭ يىل ئاۋارە بولۇشقىمۇ رازىمەن!...

ئۇنىڭ شۇ ئاۋازى، شۇ قاراشلىرى، شۇ تەبەسسۇملىرى! ئۇ بىر ئوت ئىدى. ئۇ قارىسىمۇ، تۇتسىمۇ، يېقىن بارسىمۇ كۆيدۈرىدىغان بىر ۋەھشىي ئوت ئىدى!.

— نادىر، — دېدى ئۇ بىر كۈنى مەن يېزىغا چىقىش ئالدىدا كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، — بۇ قېتىم بىر ھەپتە يېزىلاردا يېتىپ ئىشلەيدىكەنسىز. ھاۋا ئىسسىق، دىمىق، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن بولامدۇ - ھە! — ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ تېگى - تېگىدىن ياش ئەگىيتتى. بەدىنى بىلىنەرلىك تىترەپ ئاغزى ئۆمچىيەتتى. دېمەك ئۇ مۇشۇ دەقىقىلەردە ھەقىقەتەن ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ شۇنچىلىك مۆڭلۈق، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ يىغلىغۇسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە مىسكىن ئىدى!

— بولىدۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن مەنزىرە، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ!

— ئىم! . . .

— خوش، مەن كەتتىم. . . !

— . . .

دېگەندەك يېزىغا بېرىپ بەشىنچى كۈنى ماڭا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتى. لەۋلىرىم چاك-چاك يېرىلىپ، يېگەن بىر بۇردا نان، ئىچكەن بىر يۇتۇم سۇمۇ سىڭمىدى. پۈتۈن بەدىنىم ئوتتەك قىزىپ، ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرىم ئۇرۇپ - چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. پۇت - قولۇمدا جان-ماغدۇر يوق، بېشىمنى يەردىن كۆتۈرەلمەيتتىم. ئاخىرى بولالماي ئىدارىغا قايتىپ كېلىپ ئىككى كېچە - كۈندۈز ئاسما ئوكۇل سالغاندىن كېيىن سەل - پەل ئەسلىمگە كەلدىم.

بىر كۈنى ياتىقىمدا يېتىپ ئارام ئېلىۋاتاتتىم. گەرچە ھازىر سالامەتلىكىم خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىمدە ماغدۇر يوق. ئىچ - ئىچىمدىن قىزىپ تۇراتتىم. تاماق سىڭمەيتتى. بىر چاغدا ئىشىك يەڭگىل چېكىلىپ «كىرىڭ» دەپ بولغۇچە ياتاققا مەنزىرە كىرىپ بولدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا بىر بوتۇلكا قىزغۇچ سۇيۇقلۇق، يەنە بىر قولىدا چىرايلىق كەشتە ياغلىققا ئورالغان ئىككى تۇتامچە سەبدە گۈلى رەڭدىكى كاككۇك گۈلى تۇراتتى. مەن جىددىيلىشىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئۇ ئىتتىك ئالدىمغا كەلدى.

— بولدى قوزغالماڭ! . . .

ئۇ قولىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن كاككۇك گۈلىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئىشىكنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ، يېنىمدىلا - كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇردى. ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى مۇڭلۇق، بەك مېھرىلىك ئىدى. كۆزلىرىدە ئالەمچە بىر سۆيگۈ، ئالەمچە بىر ئىنتىزارلىق چاقنايتتى. ئۇ بۈگۈن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى.

— قانداقراق، ياخشى بولۇپ قالدىڭىز-مۇ؟

— خېلىلا ياخشى!

— . . .

— مەنزىرە ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىز-مۇ؟ . . .

ئۇ يۇمشاق، ئىللىق قوللىرى بىلەن يۈز - كۆزلىرىمنى مېھرى بىلەن ئاستا سىيلىدى. پۈتۈن بەدىنىم يەڭگىل بىر تىترەكتىن سىلكىنىپ سېھىرلىنىپ قالدى. مېنىڭ يىغلىغۇم كېلەتتى. بەك يىغلىغۇم كېلەتتى. ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلىغۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۆزۈمگە تارتتىم.

— ئاھ نادىر. . . جېنىم نادىر! . . . سىز!

ئۇ يۈزلىرىنى يۈزلىرىمگە يېقىپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— مەنزىرە، بولدى يىغلىماڭ. . . كېلىڭا سىزگە گەپ قىلاي! . . .

ئۇ باغرىمدا. مەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ پېشانىسىگە، كۆزلىرىگە يەڭگىل سۆيۈپ، قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدىم.

— مەنزىرە، ئۇنچە كۆپ كاككۇك گۈللىرىنى نەدىن تېرىپ كەلدىڭىز؟ قانداق قىلىسىز!

— ئېتىزلىقتىن، قىر - قاتلاردىن تېرىپ كەلدىم. سىزگە دورا قىلىمەن. بىر قىسمىنى قايناتتىپ سۇيىنى ئېلىپ كەلدىم. ئۇنى ئىچىسىز. ماۋۇلارنى سۇغا چىلاپ سۇيىدە بەدىنىڭىزنى يۇيىمىز. شۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلساق ئەتىلا پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىسىز!

— نېمە، سىز بۇنى ئەدىن ئۆگەنگەنتىڭىز!...

— دەپ بەرمەيمەن. بۇ دېگەن مەخپىي رېتسېپ. ئىش قىلىپ كاككۇك گۈلىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە، سۇغا چىلاپ بەدىنىنى يۇيسا ھەر قانداق قاتتىق ئىسسىق ئۆتۈپ كەتسىمۇ داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن!

— ئاھ مەنزىرە، سىز نېمە دېگەن ياخشى — ھە!...

— ...

... جېنىم ئانا. مېنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سىز بىلمەيتتىڭىز. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى سىز مەن ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغاندەك، ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكە، تىلىم كېسىلىشكە تەييار ئىدىم. لېكىن سىز مېنىڭ بەختىمنى، كەلگۈسۈمنى ئويلايتتىڭىزيۇ، مېنىڭ ھېسسىياتىمنى، ھەقىقىي ئادەملىكىمنى ئويلىمايتتىڭىز!... شۇنداق قىلىپ ئاخىرى مەن مەنزىرە بىلەن سىزنىڭ ھېچقانداق رازىلىقىڭىز، قوشۇلۇشىڭىز بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ توي قىلدىم. مەن، بىز توي قىلغاندىن كېيىن ھامان بىزنىڭ بەختلىك، خۇشال كۈنلىرىمىزنى كۆرسىڭىز، مەنزىرەنىڭ ھەقىقىي ياخشىلىقىنى بىلسىڭىز بىزنى، مېنى كەچۈرىدۇ دەپ ئويلىغانتىم! ئەپسۇسكى، سىز مېنى، بىزنى كەچۈرمىدىڭىز. مەنزىرەنىڭ شۇنچە قىلغانلىرىغا پىسەنتمۇ قىلمىدىڭىز. ئۇنىڭغا بىر قېتىممۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن قارىمىدىڭىز. بىر ئېغىز سىلىق گەپ قىلمىدىڭىز!... كېلىن ھەر قانچە بولسا شۇنچىلىك بولاتتى ئانا. ئۇنىڭغا ھەر قېتىم ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ قارىغىنىڭىزدا، مېنىڭ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىڭىز. بىچارە مەنزىرە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. شۇنچە - شۇنچە قىلىپ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن «كېلىنىم، مېنىڭ ئوبدان كېلىنىم» دەپ بىر ئېغىز گەپ ئاڭلىيالمىغىنى ئۈچۈن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ، تولغىنىپ يىغلايتتى! ئانا، جېنىم ئانا. سىز ئايال كىشى ئەمەسمۇ؟ ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك نازۇكلىقىنى سىز بىلمەمتىڭىز!؟ بىچارە مەنزىرەنىڭ يۈرىكى خۇن - زەردابقا تولۇپ كەتكەنتى ئانا. ئۇ سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى قىلچە كۆڭلىگە ئالمىغانتى. قىلچە چاندۇرمىغانتى!... مەن بىزنىڭ بىر بالىمىز بولغاندا نەۋرىسىنى كۆرۈپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەر، بىزنى كەچۈرەر، مەنزىرەنى «كېلىنىم» دەپ چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇچۇق چىراي ئاچار دەپ ئويلاپتىكەنمەن. نەدىكىنى!... ئىست ئانا. مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىسام سىزدەك ئانىغا مىڭ - مىڭ لەنەت، نەپرەت ئوقۇغۇم كېلىدۇ. چايناپ - چايناپ پۇركۇۋەتكۈم كېلىدۇ! مەنزىرە ئېغىر ئاياغ تۇرۇپمۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قولدەك قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى، سىز ئۇنى بىر قېتىم «كېلىنىم، قىزىم» دەپ چاقىرسىڭىز، باغرىڭىزغا بېسىپ پېشانىسىگە ئانىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويسىڭىز، ئۇنىڭغا پەقەت شۇلا كۇپايە ئىدى.

شۇنداق قىلسىڭىز ئۇ سىز ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ رازى ئىدى!... مىڭ - مىڭ ئەپسۇس. ئۇ سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن شۇ بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلىيالمىدى. مەنزىرە تۇغۇپ قوپقاندىن كېيىن تېخىمۇ تۇگىشىپ كەتتى. چۈنكى سىز - مېنىڭ ئانام بولغۇچى ئايال كېلىنىڭىزنى بىر قېتىم بولسىمۇ يوقلاپ قوياي دېمىدىڭىز. بىر كېلىن بولغۇچىنىڭ قېيىناندىن كۈتىدىغان ئۈمىدى نېمە؟! زادى نېمە؟!!...

قەدىرلىك ئانا. بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتىمەن. يۈرىكىم ئېزىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سىزنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىڭىزنى رەھمەتلىك دادام بىلسە ئۇ گۆرىدە قانداقمۇ ياتار! ئۇ سىزگە، سىزدەك باغرى تاش ئانىغا لەنەت - نەپرەت ئوقۇماسمۇ!... ئاھ دادا... دادا... مۇشۇ ئىشلارنى بىلىۋاتامسىز! مۇشۇ ئىشلارنى بىلىۋاتامسىز - ھە؟!!...

ئانا. خېتىمنىڭ مۇشۇ قۇرلىرىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئىچ - ئىچىڭىزدىن سىلكىنىپ، تولغىنىپ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلىشىڭىزنى بىلىمەن. لېكىن سىز ئەمدى تولىمۇ كېچىكتىڭىز. مىڭ يىل قان يىغلىسىڭىزمۇ ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى. ئۇنى ھەرگىز قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ!... ئانا، سىز بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز، سىزنىڭ نەۋرىڭىز جەۋلانجاننى بىر قېتىم ئىللىق قۇچىقىڭىزغا ئېلىپ باقتىڭىزمۇ!؟ بىر تال كەمپۈت چاغلىق نەرسە تەڭلەپ ئۇنى ۋىلىقىدە بىرنى كۈلدۈردىڭىزمۇ؟! ئانا، سىز نېمە دېگەن باغرى تاش، نېمە دېگەن جاھىل ئايال! ئاشۇ كىچىككىنە بوۋاقتا نېمە گۇناھ!...

- بىچارە مەنزىرە ئۆلۈپ كەتتى. يۈرىكىدە مىڭ - مىڭ ئارمانلارنى ئېلىپ، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭ باش جاۋابكارى سىز ئانا!... شۇ كۈنى مەنزىرە باغرىمغا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

- نادىر، مەن سىز بىلەن توي قىلىپ يامان قىلىپتىكەنمەن. سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئولتۇردۇم. ئانام بىلەن يىرىكلىشىپ قالدىڭلار. بىز توي قىلغان تۆت يىلدىن بېرى ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىدۇق. مېنى بىر قېتىم بولسىمۇ «كېلىنىم» دەپ چاقىرىپ باقمىدى. ئەمدى بالىمىزمۇ بولدى. يەنە مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسەك مېنىڭچە ياخشى بولمىغۇدەك. بۈگۈن بىز بېرىپ ئانامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، كەچۈرۈم سورايلى. ئانامغا چاي قۇيايلى. ماقۇلمۇ - ھە!

- جېنىم مەنزىرە، سىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنسىز. ئانامنىڭ شۇنچە قىلغانلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماپسىز. سىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازىمەن. ئانام ئورنىدا سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن!..

- ئۇنداق دېمەڭ. ئەسلى مەن ئانامنىڭ خىزمىتىنى تولۇق قىلىپ بېرەلمىدىم. كېلىنلىك بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. سىزگە ياخشى ھەمراھ بولالمىدىم... بۈگۈن بىز ئانامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراپ، ئۇنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشەيلى!...

... مەنزىرە شۇ كۈنى خۇددى ئۆلۈم كۆڭلىگە چۈشكەندەك يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنتى. بىز سىزگە چاي قۇيۇپ، تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

موتسىكلىت بىلەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا ماڭغانىدۇق. ئۇ ماڭا يولدا:

— نادىر، سىز بەك بەلەن. ئانىڭىز سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ھەر قانداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماڭ. ھەر قانداق بولغىنى بىلەن ئۇ يەنىلا بەرىبىر بىزنىڭ ئانىمىز، — دەپ يىغلاپ سالغانىدى.

بىز ئۆيگە ئاز قالغاندا، ئۇدۇل تەرەپتىن ئىككى موتسىكلىت ياندىشىپ قويۇندەك كەلدى. ئارقا تەرەپتىن بىر يۈك ماشىنىسى. مەن ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن موتسىكلىتنى ئاستىلىتىپ يانغا تارتىپ بولغۇچە ئالدىمىزدىن كەلگەن بىر موتسىكلىت ئوقتەك كەلگىنىچە بىزگە ئۇدۇل سوقۇلدى!

— ۋايجان! . . .

مەن ئەسلىيەلەيدىغان، مەن ئويلىيالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاۋاز ئەنە شۇ. كېيىنكى ئىشلار ماڭا پۈتۈنلەي قاراڭغۇ! .

ئانا، سىز بىزنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ ئەس - ھوشىڭىزنى يوقىتىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ جاھاننى بېشىڭىزغا كىيىپسىز. دەرھال ماشىنا توسۇپ ئەس - ھوشسىز ياتقان ئوغلىڭىزنى — مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىپسىز. مېنىڭ جېنىم، سىزنىڭ كېلىنىڭىز مەنزىرە قان ئىچىدە ھوشسىز ياتسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولماپتۇ! . . . ئاڭغىچە باشقىلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئەپسۇسكى ئۇنىڭدىن قان ھەددىدىن ئارتۇق چىقىپ كەتكەچكە قانسىراپ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا جان ئۈزۈپتۇ!

— ئاھ خۇدا! . . . جېنىم مەنزىرە ئۆلۈمىڭىز نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق — ھە! ! . . .

ئانا، سىز نېمىشقا، زادى نېمىشقا مېنى قۇتقازدىڭىز! ؟ مەنمۇ قانسىراپ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈپ كەتسەم بولمامدۇ! ! . ئەمىسە سىزدەك ئانامغا . . .

. . . ئانا، مەنزىرە ئۆلۈپ كەتتى، بىئەجەل، ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە مىڭ - مىڭ ئارمان، مۇناجاتلىرى قېلىپ ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كەتتى! ئوغلىڭىزمۇ ئۆلدى. ئۇنى سىز ئەمدى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيسىز. ئۇنى ئىزدەپمۇ، سوراپمۇ ئاۋارە بولماڭ! . . . سىز مىڭ قىلغان بىلەن بىزنىڭ ئانىمىز. نەۋرىڭىز جەۋلانجاننى ئەمدىمۇ بولسا قۇچىقىڭىزغا ئېلىپ بىز ئۇچۇن پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇڭ. ئۇ كىچىككىنە تۇرۇپلا ئاتا-ئانىسىز قاق يېتىمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاڭ ئانا. ئۇنىڭ چىرايىنى توپا بېسىپ، غېرىبسىنىپ قالمىسۇن! ئەڭ ئاخىرىدا ئۆتۈنىدىغىنىم: قىز-ئوغلىڭىزنى كەچۈرگەن بولسىڭىز قەبرىستانلىقتا بىرىپ سېرىق سەبدەدەك جۇلالىنىپ تۇرغان كاككۈك گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن قەبرىنى يوقلاپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ قويارسىز. ئەمدىمۇ بولسا ئۇنى «كېلىنىم، مېنىڭ ئوبدان كېلىنىم» دەپ چاقىرىپ قويارسىز! كاككۈك گۈللىرى قۇرۇپ قالمىسۇن. جەۋلانجان سۇ قۇيۇپ قويسۇن! خەير - خوش ئانا. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ! . . .

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

ئەنۋەر تۇردىئاۋەت (ھەمدەم)

# ۋالاقتەككۈر

(ھېكايە)

بۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا بولغان ئىش، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىدارە باشلىقىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، تۇيۇقسىز كاماندىروپكىغا چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ۋەزىپە ناھايىتى جىددىي بولغاچقا ئايالىم بىلەن تېلېفوندىلا خوشلىشىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى خىزمەت سومكامغا سالدىم - دە، باشلىقىنىڭ قولىدىن ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىقتىم.

ئىدارە بىلەن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىرچە كېلەتتى. مەن ئىدارە ئالدىدىكى چوڭ يولدا ئون مىنۇتتەك ساقلىغان بولساممۇ، قېرىشقاندەك يا كوچا ئاپتوبۇسى ياكى بىرەر تاكسى ئۆتمىدى. بۇ چاغدا سائەت دەل ئىككى بولغان بولۇپ، مەن چىقماقچى بولغان ئاپتوبۇسنىڭ قوزغىلىشىغا يەنە ئوتتۇز مىنۇت قالغانىدى. ئەمدى ئالدىرىمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدىم. «ۋەزىپە جىددىي دەيدۇيۇ، يەنە ئاپتوبۇس بىلەن بارسەن دەيدۇ، ۋەزىپە جىددىي بولغاندىكىن بىرەر ماشىنا بەلگىلەپ بەرسىچۇ- كاشكى! ھېچ بولمىغاندا بېكەتكىچە بولسىمۇ. . .» غۇدۇرىدىم كېتىۋېتىپ. دەل شۇ چاغدا ئارقامدىلا بىرسىنىڭ «توختىغىنا ئۇكاموي! » دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن توختاپ ئارقامغا قارىدىم. بېشىغا قارا سوكنا شلەپە، ئۇچىسىغا كۈلرەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم - شىم كىيىپ، بويىنىغا ئالىچىپار گالىستۇك چىگىۋالغان، قىرىق ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، سېرىق چىراي، پىروزىدەك كۆك كۆزلىرىدىن ھەيبارلىق چىقىپ تۇرىدىغان بىر ناتونۇش كىشى ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. «ئېھتىمال بىرەر ئىدارىغا قانداق بارىدىغانلىقىنى سورىسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سالامەت تۇردۇڭمۇ ئۇكام؟ — ئەھۋال سورىدى ئۇ ۋە تاشچىلىگىدەك سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايغىنىچە كېلىپ قولۇمنى «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى. ئۇ قولۇمنى تۇتۇش بىلەن پەرىزىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى پەملىدىم ۋە ساراسىم ئىچىدە توختىغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى كۆپ يىللىق تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا مۇنداق ئۈچ خىل ناتونۇش كىشىلەرلا ئادەمنىڭ ئالدىنى توسايتتى: بىرى يول سورايدىغانلار، ئىككىنچىسى تىلەمچىلەر، ئۈچىنچىسى ئالدامچىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىكى ئۈچىنچى خىلدىكىسى بولۇپ، بۇنداقلار تۈلكىدەك ھىيلىگەر، چىۋىندەك قاشاڭ كېلەتتى. بۇنداقلارغا ئۇچراپلا قالساڭ سېنى نەس باسقىنى شۇ! ئۇلار ئاۋۋال ساڭا قەدىناسلاردەك سالام بېرىپ سېنى توختىتىۋالىدۇ، ئاندىن بىر ئاماللارنى قىلىپ قولۇڭنى تۇتۇۋالىدۇ - دە، دەرھال بىچارە قىياپەتكە كىرىپ كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئۆزىنىڭ ياقا يۇرتتىن بۇ شەھەرگە داۋالانغىلى ياكى سودا ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى، پۇلىنى بولسا ئوغرى ئېلىۋالغانلىقىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتالماي ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئېيتىپ، سەندىن يىگىرمە - ئوتتۇز سوم ياردەم قىلىشنى سورايدۇ. سەن ئۇنىڭ سورىغىنىنى بەرمىگۈچە ئۇ قولۇڭنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيدۇ، سەنمۇ زىنھار يولۇڭغا ماڭالمايسەن. مانا بۇ دەل . . .

— ھە، مەندە بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟! — سورىدىممەن ئىمكانقەدەر ئاۋازىمنى قوپال چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— توۋا قىلدىم، ئۇكاموي، ئەجەب يات ئادەمگە گەپ قىلغاندەك سۆزلەيسەنغۇ! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ھەيبارلىق بىلەن ئوينىتىپ تورۇپ، — ئاۋۇ دوقمۇشتا تورسام ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ سۆزلىشىپ يېنىمدىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتتىڭ، ئارقاڭدىن سۆڭدىشىپ دېگۈدەك يۈگۈردۈم.

— ئۆزلىرى . . . ؟

— مېنى راست تونۇمىدىڭما؟

— . . .

— ئوبدانراق ئەسلەپ باققىنا ئۇكام.

— خاپا بولمىسىلا، ئۆزلىرىنى راست ئېسىمگە ئالالمىدىم، — دېدىم مەن يوشۇرمايلا.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى ئۇ توشقاندەك بىر پۇتىنى يەرگە «تاققىدە» ئۇرۇپ چىچاڭشىپ، — ئۇكاموي، ياش تورۇپ نېرۋاڭدىن كەتتىڭمۇ ياكى مەست بولۇپ قالدىڭمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ تېتىقسىز سۆزلىرى قولىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى ۋە شۇ زامات كاللامغا «بۇ ئادەم يىراق تۇغقۇنۇم ياكى يۇرۇتدىشىم بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېگەن خىيال پەيدا بولدى - دە، زورمۇ زور كۈلۈمسىرىدىم.

— كەچۈرسىلە ئاكا.

— ھېلىقى سەمەت كورتنىڭ تويىغا ئېسىڭدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئاسماقچىلاپ.

— ھە، ئېسىمدە، — دېدىممەن دەرھال بىر ئاي ئىلگىرى تويى بولغان ساۋاقدىشىم سەمەتنى ئېسىمگە ئېلىپ.

— ھەببەللى، — دېدى ئۇ يەنە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — مەن دەل شۇ تويدا سەن بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ بىر تاۋاق پولۇنى بىرگە يېگەن ھېلىقى ئەمەت ئاكاڭ بولىمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىغىلى تاس قالدىم. توغرىسىنى ئېيتسام، مېنى نۇرغۇن ئويلارغا سېلىپ، ۋاقتىمنى ئالغان بۇ ئادەمنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا «ساۋاقدىشىم» بولۇپ چىقىشىنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدى، شۇنداقتىمۇ نېمىشقىدۇر بۇ ئادەم بىلەن چىرايلىق خوشلىشىش قارارىغا كەلدىم.

— خوش ئاكا، ناھايىتى ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، — دېدىممەن ئارقامغا يېنىپ، — بىز باشقا بىر كۈنى پاراڭلىشىۋالارمىز . . . — مەن شۇنداق قىلسام ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، ئۇ گويا گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك ئىككى تاقلاپلا ئالدىمغا ئۆتۈۋالدى.

— سەن نېمە ئۈچۈن سەمەتكە «كورت» دەپ لەقەم سۇنۇپ قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ۋە مەن بىر نېمە دەپ بولغۇچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ باغۇ قارا، بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا «كورت» تىدا بىرنى قويۇۋەتكەن گەپ. ھا. . . ھا. . . ھا. . . شۇنىڭدىن تارتىپ بىز ئۇنى «سەمەت كورت» دەيدىغان بولۇپ قالدۇق، قانداق، قىزىقمىكەن؟

مەن سائىتىمگە قارىدىم. سائەت ئىككىدىن ئون مىنۇت ئۆتۈپتۇ. دېمەك يەنە يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن . . .

— خوش ئاكا، راستىلا زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، ئەمدى ماڭمىسام كېچىكىپ قالىمەن، — دېدىم مېڭىشقا ئالدىراپ.

— بىلىمەن، ھەقاچان شۇ ئايالنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ بولغۇچە كۆكتات سېتىۋېلىپ، تاماق ئېتىشكە ئالدىرايسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ يەنە ئال-دىمنى توسۇپ، — سەنمۇ شۇ تالاغا چىقسا بەگلىكى بار، ئۆيگە كىرسە تەڭلىكى بار سايىم نوچىلاردىن ئوخشىمامسەن، ھا. . . ھا. . . ھا. . . !

ئۇنىڭ سۆزلىرى غۇرۇرۇمغا تەگدى.

— ياشتا چوڭكەن دەپ يول قويسام، ئەجەب ئۆزلىرىنى بىلمەي لاۋزا سۆزلەپ كەتتىڭغۇ! — دېدىمەن ئاچچىقلىنىپ، — خوش!

— توختىغىنا ئۇكاموي، — ئۇ پېشىمدىن تۇتۇۋالدى ۋە ھىجىيىپ تۇرۇپ، — سەن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن! — دېدىمەن ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ تەئەددى بىلەن.

— ھا... ھا... ھا... ئۇنداق بولسا چاقچاق قىلىپ قويسام نېمانداق نىلپە مىجەزلىك قىلىسەن، ھا... ھا.... ھا...!

ئۇ ئەمدى ماڭا كانىدەك چاپلاشقانىدى، مەن توختىغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم. ئۇ باشتا مېنى، كېيىن مەن بىلمەيدىغان كىملەرنىڭدۇ ئىسمىنى ئاتاپ گاھى ماختاپ - ئۇچۇرۇپ، گاھى سۆكۈپ - چۈشۈرۈپ ھەدەپ سۆزلەيتتى. پات - پات يېڭىمنى ياقامنى تارتىپ قويۇپ بەزى خىرىلداپ، بەزى قاقاقلاپ كۈلەتتى. يۈرىكىمنى كۆرمىڭلىغان قۇرتلار غاجىلاپ، مېڭەمنى ھەرىلەر قوشۇنى تالان - تاراج قىلغانىدەك پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى. ئارىلىقتا بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ئالىيىپ، جىددىي ئىشىمنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتكەن بولساممۇ ئۇ پىسەنتىگە ئالماي سىياسەت، ۋەزىيەت، ئەدەب - ئەخلاق، ئاياللار، ئاغىنىدارچىلىق، خوتۇنبازلىق، ھاراق - پىۋىلارغىچە بىر قۇر سۆزلەپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ ياكى ئاغزىمنى بۇزۇپ ئۇنىڭ زۇۋانىنى تورمۇزلاشنى نەچچە قېتىم كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. لېكىن بىز چوڭ كوچىدا بولغاچقا...

بىر چاغدا سائىتىمگە قارىسام ئىككىدىن يىگىرمەبەش مىنۇت ئۆتۈپتۇ، يۈرىكىم «جىغ» قىلدى. ئۇنىڭ قولىنى يېڭىمدىن سىلكىپ ئاجراتتىمدە، ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىغا قارىماي، بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان پاقلاندەك بېكەتكە قاراپ چاپتىم.

تەلىيىمگە ئاپتوبۇس تېخى قوزغالمىغانىكەن. مەن ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، يۈز - كۆزۈمدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ، سائىتىمگە قارىدىم. سائەت ئىككىدىن قىرىق مىنۇت ئۆتۈپتۇ. «سائىتىم ئىلگىرى كەتتىمۇ - نېمە» دەپ ئويلاپ، يېنىمدىكى ئايالدىن سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى سورىدىم.

— ئىككىدىن قىرىق مىنۇت ئۆتتى، — دېدى ئايال.

— ئۇنداقتا، شوپۇر تېخى كەلمەپتۇ - دە، — سورىدىم يەنە.

— ئەنە، ئاۋۇ دوپپا كىيىۋالغان ۋات - ۋات بىلەن گەپلىشىپ تۇرغان كىشى شۇ، — دېدى ئايال تۇمشۇقى بىلەن ئىما قىلىپ، — ئۇلارنىڭ گەپلىشىپ تۇرغىنىغا يېرىم سائەت بولدى، گېپى تۈگەيدىغانىدەك ئەمەس. ئەرلەر ئاياللارنى جىق گەپ قىلىدۇ دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بەزى ئەرلەر ۋات - ۋاتلىقتا ئاياللاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ!

مەن پىسسىڭىدە كۈلۈپ سالدىم، بۇ، ۋالاقتەگكۈرلەرگە بولغان نەپرەت كۈلكەممۇ ياكى رەھمەت كۈلكەممۇ بۇنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما مەن شۇ ئىش يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ يول يۈرگەندە كىرپىدەك بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەر مەندىن پات - پات رەنجىپ تۇرىدۇ، مەنمۇ زېرىكمەي ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپ تۇرىمەن.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

يۈسۈپ ھۆسەيىن

# رىمنىستاندىكى قۇش

(كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقاسلىرىدىن خاتىرە — ئاياز بىك ھەققىدە)

× × ×

ھەر يىلى كۈز - قىش پەسلى كەلگەندە «جاھاننامە» داستانىنىڭ كۈز - قىش شۇئىرغانلىرى ۋە غازاڭلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى تەسۋىرلەنگەن مىسرالار ۋە داستان ھېكايەتلىرىدىكى چوڭقۇر مەنتىقى قەۋەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مەنىۋىيەت قەۋەتلىرىدىكى چىمىرلاشلىرى ۋە ئاندىن داستان ئاپتورى بولغان ئاياز بىك شىكەستە (ئاياز بىك قۇشچى) ھاياتى توغرىسىدىكى خىياللار قوزغىلىپ، ئەسلىيەتنى بىلىش جەھەتتىكى ئىنتىزار بىلەن رىئال ئەمەلىيەتتىكى شۇئىرغان ئارىسىدىكى مۇۋازىنەتنى ھېس قىلىمەن. باھار (ناۋا) دەۋرىدىكى بۇلبۇل، ئاياز (نادا) دەۋرىدىكى قارا قۇشقاچ پات - پات يوقلاپ كېلىدىغان بىر جۈپ تورولغۇ (پاختەك) خىيالىمدىكى كەڭلىكلەرنى يەكەن - قاغىلىق بىلەن چەرچەن - چاقىلىق تەرەپلەرگە تارتىپ كېتىدۇ.

10 — 15 يىلدىن بۇيان تەكرارلىنىپ كەلگەن، ھەر بىر تەكرارلىنىشى بىلەن ئەسلىيەت قەۋەتلىرىنى تەمىنلىگەن ئىلھاملار ئەمدى پەيمانىغا تولغاندەك، يېزىش تەقەززاسىنى قوزغىدى.

بۇنىڭدىن 15 — 20 يىل ئىلگىرى ئابدۇشۇكۇر تۇردى «جاھاننامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلىغاندا، داستان ئاپتورى ئاياز بىك قۇشچى شىكەستەنىڭ ھاياتى نامەلۇم مۇئەمما ئىكەنلىكىنى يازغان. بۇنىڭدىن 5 — 10 يىل ئىلگىرى، ئەسقەر ھۆسەيىن ئايازى نامىدىكى غەزەللەر ئاساسىدا تەتقاسلىغاندا، ئاياز بىك قۇشچى مەخمۇت جوراسنىڭ تەخەللۇسى بولسا كېرەك، دەپ تەخمىن قىلغان.

شۇ ئۆتكەن يىللاردا ئۇلار قالدۇرغان مۇئەممالار نېمىشقىدۇر قەلبىمدە ئىزتىراپ قوزغاپ ئىلھامىسمان خىيالەتلىرىمنى يېزىپ قەغەز دۆۋىلىرىگە تاشلاۋەرگەندىم. تاكى 11- ئەسىردىكى قادىرخانىيە دەۋرىدىن 16- ئەسىردىكى سەئىدىيە دەۋرى ئارىلىقىدىكى كلاسسىك ماتېرىياللاردىن جەملەنگەن ئىلھاملار ئاياز بىك قۇشچى توغرىسىدىكى ئالاھىدە تەسرات ۋە ھېكايەتسىمان خىياللارنى ھاسىل قىلدى.

× × ×

ئەسقەر ھۆسەيىن ئاياز بىك ئەسلىمىلىكى دەپ قىياس قىلغان مەخمۇت جوراس مىلادى 1545 - يىللىرى تۇغۇلغان بولۇپ، 1560 — 1570 - يىللىرى خوجا مۇھەممەت شېرىپ (خوجا ئىسھاق) ۋاپاتىدىن كېيىن ئىز باسار شەيخ مەخمۇت ۋەلى سوپى نامى بىلەن تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە مەشھۇر سەئىدىيە، رەشىدىيە خاتىرىلىرىنى قالدۇرغان. بۇ

خاتىرىلەر 1580 ـ يىللىرىدا يېزىلغان. مۇھەممەت سىدىق (زەلىلى) نىڭ «خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار تەزكىرىسى» داستانىنىڭ ئاخىرىدىكى مىراسخور شەيخلەر تىزىمىسىدىكى بىرىنچى شەيخ مەخمۇت ۋەلى، ئاخىرى ئەمرۇللا (مۇھەممەت ئىمىن)، ھىدايى (يۇسۇپ مەشرەپ) بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، بۇ تارىختىكى مەختۇمى ئەزەم نەسەبىدىكى تىزما ئىدى.

ۋەھالەنكى «جاھاننامە» دىكى ئاياز بەك مىلادى 1510 — 1530ـ يىللار ئارىسىدا 20 يىل ئويلىنىشلىرى يەكۈنى تەرىقىسىدە داستان يازغان ۋە شۇ ئارىلىقتا ئايازى نامىدىكى غەزەللەرنىمۇ يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا، ئايازبەكنىڭ مەخمۇت جوراس (ۋەلى سوپى) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، مەخمۇت جوراس ئاتا ـ بوۋىلىرى تارىخىنى ۋە خاتىرىلىرىنى رەتلىگەندە «جاھاننامە» ۋە ئايازى دىۋانىنى رەتلەشتە مۇسەننىپلىك قىلغان بولۇشى ناھايىتى ئېنىق. خوش ئايازى زادى كىم؟

× × ×

ئەگەر ئايازى توغرىسىدىكى خىياللارنى بىر دەريا دېيىشكە توغرا كەلسە ناۋايى توغرىسىدىكى خىياللارنى بىر دېڭىز دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن «دېڭىز» توغرىسىدىكى خىيال يەكۈنلىرىنى بايان قىلاي.

ناۋايى تارىخى جەھەتتە ئەبۇ نەسىر فارابى (تاھىر خانىيە)، يۇسۇپ قادىرخان (قادىر خانىيە) ئەۋلادى. بىر قەدەر بىۋاستە ھالدا جامالىدىن قارشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشى ئالالىدىن (ياقۇپ چەرغى)، ئوغلى جالالىدىن (ھەسەن) ئوغلى ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدىكى تەخت ئۆزگىرىشلىرى ۋە ناۋايى ئەجدادىنىڭ ماكان ئۆزگەرتىش، سوپەت ئۆزگەرتىش قاتارلىق پانىيلىق ئېھتىياجىدىن نورغۇن ئىسىم ۋە تەخەللۇسلارنى قوللانغان. بوۋىسى ئالالىدىن ئاقساق تۆمۈر ۋاقتىدىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن خوتەندە قالغان، دادىسى ھەسەن بالا ۋاقتىدىلا ساھىلسىمان ئەل كېزىپ، گاھ جالالىدىن، گاھ كامالىدىن تەخەللۇسى بىلەن خوجەنتتە توغقانلىرىدىن بولغان مەخمۇت بەگ قىزى زەينەپ بىلەن توي قىلغان. بۇخاراغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ھىراتتا ماكانلاشقان، 1410 ـ 1415ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ناۋايىنى تاپقان. بۇ چاغدىكى دادىسى تەخەللۇسى غىياسىدىن، ئىسمى نىزامىدىن ئىدى. بۇ ئىسىملار «قۇتاتغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىكى ئۇدغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ غەزنىۋى تىلدىكى نۇسخىسىدۇر. قاتلانمىلىق روھى بىلەن غىياسىدىن 11ـ ئەسىردىكى ھۇسەيىن خەلەپ ئەرۋاھى، ئانىسى زەينەپ نۇرئەلا ئەرۋاھى، نىزامىدىن يۇسۇپ قادىرخان ئەرۋاھى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ ئاساسلىرى ھازىرقى ئەزەر قەۋملىرى ئىدى. 1430ـ يىللىرى ناۋايى ئائىلىسى ئۇلۇغبەگ سىقىشلىرىدىن قېچىپ ھەج باھانىسىداھىراتتىن كەتكەن. ھەج سەپىرىدە ئۇلار ئايرىلىپ، ناۋايى ھىندىستان ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل دېھقانچىلىق قىلماق بولۇپ، قولىغا «قۇتاتغۇبىلىك» چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىلىم زەۋقى قوزغىلىپ 1440ـ يىللىرى ھىراتتىكى توغقانلىرى، جامى، لۇتفى دەرگاھىغا بارغان. ئۇ يەردە نامىنى ئەلىشىر دەپ ئاتىغان. ناۋايى ئەجدادى ھېسسىي ئىرسىيەت قانۇنى بويىچە ئۆزلىرىنى ھەزرىتى ئادەمدىن بۇيانقى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ قارايدىغان بىلىم ئەھلى ئىدى. 1410 ـ يىلى ناۋايى تۇغۇلغاندا دادىسى دورىبەك تەخەللۇسىدىكى «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانىنى ئوغلى يۇسۇپكە دېمىدە قىلغان.

1440ـ يىلدىن 1500 ـ يىللارغىچە بولغان 60 يىل جەريانىدا يەنى ھۇسەيىن بايقارا خانىدانىدا ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى ئاستىدىكى يىللاردا ناۋايى بايقارادىن چوڭ بولسىمۇ ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com



ئىنائەت قىلىشى لازىم ئىدى. بەئەينى ھۆسەيىن بايقارا كىچىك بۆرە، ناۋايى قېرى كېيىك نەقلىدە ئىدى.، شېئىرىيەتتە، ھۆسەيىن بايقارا ناۋايىنى دوراپ ئىلھام ئىختىرا ھالەتلىرىنى ئېلىپ تۇراتتى، ناۋايى بولسا يېڭىدىن - يېڭى ساھىيلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر ئىدى. شۇنداق قىلىپ 1500- يىلى ئەلىشىر ناۋايى ھىراتتىن باشلانغان 60 يېشىدا ئەسلىدىكى 80 - 90 ياش ئارىلىقىدا «مەنتىقۇتتەيىر» نى يېزىپ، خۇددى ئەخمەت يەسۋى، «60 ياشتا يەرگە كىردىم مانا» دېگەندەك شەرىئەتنى تەرك ئېيلەپ تەرىقەتكە كۆچمەك ئۈچۈن ئاستراباتتىكى خانىدانىدىكى ھەممە بايلىقىنى تاشلاپ ئۆلگەندەك غايىب بولدى. بەلختە ئەدھەم يولىنى تۇتۇپ بۇددىزىم ۋە دەرۋىشلىكنى تەتقىق قىلىپ، ئاندىن تاكى خوتەنگىچە باردى. بۇ چاغدا ئىسمىنى مۇھەممەت يۈسۈپ پەرسا دەپ ئۆزگەرتتى. 1510- يىللاردا ھەربىي يۈرۈشتىكى سەئىد- ئەخمەتخان بىلەن تونۇشۇپ، بەدەخشاندا تۇرىدىغان بولدى. شۇ يىللاردا مەخمۇت زەھىرىدىن بابۇرمۇ ئىخلاس قىلدى. نەتىجىدە مەختۇمى ئەزەم دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىدىغان تەرىقەت نۇپۇزى تىكلەندى. شۇنىڭ بىلەن بەدەخشان - زەرەپشان، سەمەرقەنت، يەركەن، خوتەن - خوجەند، تاكى كاۋكازدىكى جايلاردىن كوئېنلون باغرىغىچە جايلاردا «قاغىلىرى» ئۈچۈپ يۈرۈيدىغان بولدى. «جاھاننامە» ۋە ئايازى نامىدىكى غەزەللەر شۇ چاغلاردا شائىرلىق خۇمارى تۇتقاندا يېزىلدى. 1530- يىلى يەكەندىكى سەئىدخان ۋاپاتى بىلەن يەكەنگە باردى. ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئۆزىدىكى يۈسۈپ قادىر ئەرۋاھىنى ئاشكارا قىلدى. 12 مۇقام ئاساسىنى تەييارلىدى. بۇ يەردە يەنە توختىماي ئاخىرى 1545 - يىللىرى چەرچەن - چاقىلىق ئارىسىدىكى جايدا 125 ياشلىق ئۆمرىنى يەكۇنلىدى. ئۇ دەۋرلەردە بۇ ئۇلۇغ پىنىتى يۈرتىدىكىلەر قېرى دېھقان بولسا كېرەك دەپ ھېس قىلاتتى.

× × ×

يۇقىرىقى «خىيال دېڭىزى» گە قوبۇلىدىغان «دەريا» نىڭ بىرى ئايازى مەسىلىسىدۇر. سۆز مۇھاكىمىسىدىن قارىغاندا ناۋايى - باھار، بۇلبۇل مەنىسىگە ئىگە بولسا، ئاياز - قىش، زىمىستان، قاغا مەنىسىگە ئىگە. ناۋايى ئۆز ئۆمرىدە فىزئولوگىيىلىك جەھەتتە ئاقىرىش، سارغىيىش، قارىيىش جەريانلىرىنى كۆرگەن. 1500 - يىللاردىن كېيىنكى باسقۇچ سارغىيىش، قارىيىش تارىخى ئىدى. بۇلبۇلدەك سايراپ قەپەسكە سولىنىش قىسمىتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تورغايدەك قېچىپ يۈرۈش، ئاندىن قاراقۇشقاچلاردەك توپلارنى ھاسىل قىلىش بۇ تارىخنىڭ مەسىلىسىمان ماھىيىتىدۇر.

1510- يىللاردىن كېيىنكى خىلۋەتتىكى خاتىرجەم كۈنلىرىدە تارىختى يەكۇنلەشنى نىيەت قىلىپ، «جاھاننامە» نى يازدى. بۇ داستان بۇرۇنقى داستانلاردەك سۆز سەنئىتى بولماستىن بەلكى مەنتىقىي سەنئەت.

ئەمدى «جاھاننامە» نى ۋاراقلايلى:

شاھزادە فىروز كويىقاپقا كىرىپ پەرىزاتنى ئويغاتماقچى بولىدۇ. مىسىردىكى چىنارىدىن ياسالغان تەخت: ياغاچچى، سەيپۇڭ، زەرگەر، موللا ياسىغان قونچاق قىز ھەققىدە سۆزلەيدۇ. كاۋكازدىكى ئىلبورس چوققىسىغا چۈشكەن مىتورت تاشتىن ياسالغان قەدەھ: قېرى يۈسۈپنىڭ قىزىنى دېۋىدىن قۇتۇلدۇرغان ئۈچ يىگىت ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئادەم زامانىدىن قوي يېغىدىن ياسالغان شەمئى: بېشى بىلەن تېنى ئالمىشىپ قالغان دوست ھەققىدە سۆزلەيدۇ. فىروز پەرىزاتتىن بىر ئوغول تاپىدۇ. ئاخىرى پادىشاھلىق ئوغلىغا قالىدۇ. («جاھاننامە» دىكى بۇ ھېكايەت باشقا چۆچەكلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. تۈنجى مەنبە نەدە ۋە قاچان؟

بۇ نائېنىق. لېكىن ئۇنى قانداق تەتبىق قىلىش جەھەتتە، «جاھاننامە» دىكى ئالاھىدىلىك ئايازىغا مەنسۇپ.)

تارىخىي قاتلانمىلىق ھېسلىرى بويىچە داستاندىكى 50، 100، 150، 200، 350 يىل پاتلانمىسىنى 500، 1000، 1500، 2000، 3500 يىل خىيالەتلىرى بىلەن تۈرلەندۈرسەك، ناۋايى زامانىدىن (15- ئەسىردىن) 3500 يىل ئىلگىرىكى «تەۋرات» پۈتۈكلىرى، 200 يىل ئىلگىرىكى ئىبراھىم دەۋرى، 1500 يىل ئىلگىرىكى «ئىنجىل» پۈتۈكلىرى، 1000 يىل ئىلگىرىكى، مانى پۈتۈكلىرى، 500 يىل ئىلگىرىكى فارافى ۋە يۈسۈپ دەۋرى، 350 يىل بۇرۇنقى غەۋسىل ئەزەم دەۋرى، 150 يىل بۇرۇنقى رەبغوزى دەۋرى، 100 يىل بۇرۇنقى جامالىدىن قارشى، 50 يىل بۇرۇنقى ئۆزىنىڭ بىر سەرگۈزەشتى تىزىلىدۇ.

50 يىل بۇرۇنقى بىۋاسىتە سەرگۈزەشتە خىيالىتى مۇنداق: 1480 - يىللىرى ناۋايى تاۋاپ قىلماق بولۇپ خوتەن رايونىغا بارىدۇ. ھەتتا ئالتۇن تاغدىن ئۆتۈپ چىڭخەيدىكى سايرام كۆلى بويلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىدۇ. شۇ چاغدا زامانىدىن 600 يىل بۇرۇنقى يەنى 8 - 9 - ئەسىردىكى مۇسۇلمانلىشىش تارىخىدىن قالغان ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە (ئىمام مەھدى) رىۋايىتىگە توغرا كېلىپ، ئۆيلىنىپ بىر ئوغۇل قالدۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ ئوغۇل 1510- يىللىرى سەمەرقەنتكە بارىدۇ. مانا مەختۇمى ئەزەم بىلەن ئوغلى ئىسھاق ھېكايەتلىرىنىڭ ئاساسىدۇر.

دېمەك، 1510 - يىلىدىن 1520 - يىللىرىدا ناۋايى ئىسمى مۇھەممەت يۈسۈپ پەرسا (مەختۇمى ئەزەم) كۈنلىرىدە ھاياتىنى يەكۈنلىمەكچى بولۇپ، داستاننى يازغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە مىرزىلىق قىلغان ئوغلى مۇھەممەت كۆچۈرگەن. شۇ يىللاردا:

ئى ئايازى ئۆلدۈم ئول شېرىن شەكەر خەندان ئۈچۈپ،
ئاچچىغ - ئاچچىغ ئۈن بىلەن يىغلاپ نەۋايى تۇزماغا.

دېگەندەك شېئىر خۇمارى تۇتقاندا ئايازى تەخەللۇسىدىكى غەزەللەرنى قېرى، ھارغىن ھالەتلىرىدىن ئىزھار قىلغان. بىز ئايازى نامىدىكى غەزەللەردىن ناۋايى نامىدىكى غەزەللەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن: ناۋايى نامىدىكى بىر رۇبائىيدا: مەنىڭ ئۆلمەكىمگە سەۋدا بائىس، سەۋداغا سەھبا بائىس. سەھباغا مۇسەببا بائىس، مۇسەبباغا دىلبەرى تەرسا بائىس. . . دېگەن تۆت قەۋەت مەنتىق يەكۈنلەنگەن بولسا، ئايازى نامىدىكى شۇنداق «بائىس» رادىفلىق غەزەلدە بىلىش قەۋەتلىرىدىكى چوڭقۇرلۇق ئەكس ئەتكەن. تۆۋەندە ناۋايى (ئايازى) پسىخولوگىيىسىنى كۆرسەتكۈچى مىسالدىن كۆرەيلى:

بولدى ئۆرتەنمە كىمگە شەمئى جامالىڭ بائىس،
داغلار قويما غىمە دانەئى خالىڭ بائىس.
كېچە - كۈندۈز ئېشىم ئاھۇ ئەبغان ئولما غىمە،
بولدى فىكرى غەمۇ خۇرشىد ھەلاكىڭ بائىس.
ئاھ، كۆرۈپ ئاغزىڭ، ئىككى زۇلفۇڭنى تىرىلدىم بولدى،
مۇددۇ ئۆمرۈم مۇنچەمۇ ئىككى دالىڭ بائىس.
تۈشسە كۆڭلۈم قۇشى باردۇر تۆرىغە ئاڭا،
دانەئى خالىڭ ئىلە ئابى زۇلالىڭ بائىس.

سۆدەك ئالدىڭدا رەۋان ئولماغىمە ئەشكىم ئىرۇر،
دەمبەدەم جىلۋە قىلىپ تازە نىھالىڭ بائىس.
قىلدىڭۇ شاتلىق ئەشكىمنى ساچارمەن گۇلگۇن،
بۇ بەھارىمغە دۇر ئەييامى ۋىسالىڭ بائىس.
لالەزار ئولسە ئايازى باشتىن، بەلكىم ئىرۇر،
ئاڭا، ئەي شوخ پەرى بولسا غەززالىڭ بائىس.

× ×

يەتمەس ئولسە يۇسۇپىمدىن بوي پىرامەن ماڭا،
دوستلار يۇزمىڭ مېنىڭدەك بەيتۇل ئەھزانىمغا ئوت.

× × ×

مەيلى ناۋايى (ئايازى) غەزەللىرىدە بولمىسۇن، مەيلى تارىخى، ئۆمرى ۋەقەلەرنى تەكشۇرگەندە بولمىسۇن، مۇنداق بىر تارىخىي ۋە پەلسەپىۋى خىيالەتلەر چىقىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، تۇنجى «ھەزرىتى ئادەم - ھاۋا» دىن ئىبارەت جىنسىي تاناسىپنى بەلگە قىلغان ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت ئىزلىنىشى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، دىنلار ۋە دىنلاردىكى مەزھەپلەر، مۇتلەق ھەق بىلەن مۇجمەل ھەق قاراشلىرىدا پەرقلىنىپ كەلدى. كىمدۇ تۇنجى تاناسىپنى ھېسسىي خاراكتېردە دەپ، تاناسىپسىز جىسمى، جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئاقلاپ كەلسە. قاتتىق تەلەپلىكلەر جىسمى خاراكتېردە دەپ قاراپ نىكاھلانمايدىغان زاھىدلىق يوللىرىنى تۇتتى.

تارىخنى قايتا ئەسلەپ كەلسەك، ئاياز سۆزى «مەنتىقۇتتەيىر» ھېكايەتلىرىدىكى مەھمۇت غەزنىۋى مۇلازىمى تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان ۋە ئۇ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىرى ئاسىپقا قىياس قىلىنغان. ئاندىن ناۋايى ئۆزىنى پەرىدىن ئەتتارى تەكرارى دەپ ئاتىغان. 870- يىللىرى غەزنىۋى ئاساسى بولغان تاھىر خانىيە خانلىقىنى ئەرەب خەلىپىلىكى بىلەن سامانى خانلىقى يوقىتىپ، تاھىرخان مۇھەممەتنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغلى ئەبۇ نەسىر (فارابى) نى تۇتقۇن قىلىدۇ. فارابى 950 - يىللارغىچە، تارىخقا مەلۇم بولغاندەك 2 - ئارىستوتىل بولىدۇ. ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت سىرلىرىدا مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتىدۇ. شۇڭا نىكاھلانمىغان. 950- يىللاردىن كېيىن قەشقەردە ئەبۇ نەسىر سامانى تەرىقىسىدە پەيدا بولغان مەشھۇر يۇسۇپ قادىرخان (خاس ھاجىب) ئۇنىڭ ئەرۋاھى بولۇپ تۇغۇلغان. 1010- يىللىرى مەخمۇت قەشقىرى ئوپالدا تۇغۇلۇپ، 1020- يىللىرى ئاتىسى بىلەن خوتەندە بىللە بولغان. 1056- يىللىرى مەخمۇت ھەسەن دېگەن ئوغۇلنى تاپقان. 970 - يىلدىن 1032- يىلغىچە قەشقەردىكى يۇسۇپكە باغداتتىكى غەززالى ئەكس تاناسىپ ئەرۋاھ بولغان ھالدا ھەسەن بىلەن زاماندا ش بولۇپ «قۇتاتغۇبىلىك» تەقلىدىدىكى «كىمىياي سائادەت» نى يازغان. ئەمدى پەرىدىن ئەتتارىغا كەلسەك، بۇ تەخەللۇس - ئەتىر ھىندىدىن چىققان جىن (گىن) پەرىزاتلار دۇكىنى دېگەنلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەنە ئەبۇ رەيھان بىرونى بىلەن باغلىنىشلىق. دېمەك، پەرىدىن ئەتتارىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەخمۇت زەمەقشەرى. خارىزم شاھ ۋاقتىدا، گاھ نەجمىدىن، گاھ مەجدىدىن نامى بىلەن شەرىئەت خاتىرىلىرىنى قالدۇرغان. 4 — 5 قەۋەت ئەرۋاھى ئەجداد بويىچە مەخمۇت قەشقىرى تەكرارى ئىدى. قادىرخانىيە مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن بۇ ئەۋلاد شەرقتە كىدان، غەربتە ئىران خانلىقلىرىدىكى ئالىملارنىڭ مۇجمەل ھەق - تاناسىپسىزلىق تەلىماتى ۋە ئەمەلىيىتىدە سىقىلىپ، تاكى قەشقەردىن كاۋكازغىچە جايلاردا دەرۋىشلىك يوللىرىدا يۈرگەن پەرىدىن ئەتتارىمۇ خارىزم شاھ دەۋرىدىكى ئاياز ئىدى. جامالىدىن قارشىدىن بۇيان بۇ ئەۋلاد تىمۇرىلەر دەۋرىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن بولسىمۇ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ئىگى بىلەن كىدان موڭغۇل سەلتەنەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقلەر تۇپەيلى ھەقىقەت ۋە مۇھەببەتنىڭ سەككىز كاتېگورىيىلىك تاناسىپ (تەڭلىك)

مىزانلىرىغا خىلاپ بولغان تاناسىپسىزلىقلار (تەڭسىزلىكلەر) نى چوڭقۇر ھېس قىلغاچ پسىخولوگىيىلىك زەخمەتلەرنى كۆرگەن ۋە بۇ زەخمەتلەر غەزەللەردىكى ھەسرەت (شەپقەت، نەپرەت) ئاساسلىرىنى تەشكىل قىلغان.

× × ×

ئوقۇغۇچى: بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەپسانىۋى خىيال ئىكەن دەيدىغانلىقى ئېنىق. مەنمۇ ياندۇرۇپ: سەن كۆرگەن تارىخىي ماتېرىياللار قانداق دەۋرنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ مەھسۇلى دەيمەن.

تالىشىش ھاجەت ئەمەس. مەنمۇ بۇ ئەسەرنى مەلۇم مەجبۇرىيەت بىلەن ئىزدىگەن ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنىڭ مەمنۇنىيەتلىك مىسالىرى قوزغىغان.

يۇقىرىدا ناۋايى (ئايازى) دىن ئىلگىرىكى بەش ئەسىرنى قاتلاپ كۆردۇق. ئەمدى كېيىنكى 500 يىلنى قاتلاپ كۆرەيلى.

(1640 ـ 1720) مۇھەممەت يۇسۇپ (ھىدايەت ـ مەشرەپ) ۋە مۇھەممەت سىدىق زەلىلى (1688ـ 1756) بىر قاتلانما. (1820 ـ 1945) يىللاردىكى يۇسۇپ بىلەن قىزى نۇخان (1875 ـ 1981) بىر قاتلانما.

1545ـ يىلدىكى ناۋايى ۋاپاتى بىلەن نەۋرە مەخمۇت جوراس (مىرزاھەيدەر) نەقلى بويىچە، مەن گويا مەخمۇت جوراسقا ئوخشاپ قالىمەن.

نۇرغۇن ئېھتىيات، ئىجتىھات بىلەن رەت قىلغان ئىلھاملارنى تاسادىپ ئوخشاش كېلىدىغان مىساللارنى تاسقاش يەكۇنى بولغان بۇنداق ھېس: يۇقىرىقى ئىلھامسىمان خىياللار ئاشۇ قاتلانما، پاتلانما قانۇنىيەت نەتىجىسى بولسا كېرەك، دەپ ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. مەلۇمكى، ئۆزگىچە قۇرۇق نەرسە ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە بەدەندىكى خىلىت زەررە ـ زەررەتلىرىدىن ئىبارەت ئېپرى ھادىستۇر.

مەسىلەن: 1970 ـ يىللىرى، مەن خوتەندە «جاھاننامە» چۆچەكنى قېرى ئۆلپەتلەردىن ئاڭلىغان، 1984 ـ يىلى خوتەندە بىر دېھقان خوتەندە 11 ناۋايى بار، دېگەن. مەن ناۋايى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا يۇقىرىقىدەك پىچىرلاشلار پەيدا بولغان. دېمەك مەندىكى ئىزدىنىش «يېزىۋېلىش»، «سېتىۋېلىش» تۈيغۇسىدىن ئەمەس، ئەسلىمىنى بىلىۋېلىش ئىشقىدىن بولغان.

بۇ ئىشقنى مۇنداق بىر ئىلمىي مەسىلە ئاساسلاپ تۇرىدۇ.

ئادەتتە، بەدەندىكى ھارارەتنى ئۆلچىگۈچى ئۈسكۈنىنى تېرمومېتىر دەيمىز. تېرمومېتىردىكى ئەكس ئەتكەن ھارارەت كۆرسەتكۈچى ئىچىدىكى شارارەتنى (ھېسسىي سېزىملار مەزمۇنىنى) ئېنىقلاشنى جىن مۇئېپىر دەيمىز. مەسىلەن: بەدەندىكى نورمال ھارارەت 36 گرادوس بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر رەقەم ئۆز ئىچىدىن 107 گە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىككى رەقەمنىڭ بىرى دىققەت، بىرى ھالەت تۈيغۇسىغا كەتسە قالغان سەككىز رەقەم $\frac{4}{4}$ كەسرى خاراكتېر ئالىدۇ. ئاندىن سېزىملاردىكى ياكى ھەسرەتلىك ياكى لەززەتلىك پىكىرلەرنىڭ ئاساسى $\frac{1}{7}$، $\frac{2}{6}$، $\frac{3}{5}$ كەسرى نەقىللەردە ئىپادە بولىدۇ. بۇ يەردە «دانەئىي خالىڭ ئابى زۇلالىڭ بائىس» دېگەندەك رەقەملەرنىڭ مىنوس خاراكتېرلىك ئىچكى تۈرلىنىشلىرى دىل، تىل سىرلىرى بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدىكى پىكىرلەر «سۇبيېكتىپ» خاراكتېردە بولۇپ «ئوبيېكتىپ» مەۋھۇمىيەت يەنىلا تارىختۇر. شۇڭا بۇ مىسال تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالسا، ھەتتا رەت قىلىنسا يەنىلا ھەقىقەت ئۈچۈن پايدىلىق. چۈنكى، بەزىدە ئەڭ چىرايلىق ئەقىدە، ئەڭ ئەجەللىك سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

# مۇھەببەت قوشاقلىرى

مېنىڭ يارىم ئوبدانمۇ،
سېنىڭ يارىڭ ئوبدانمۇ.
كۆيۈپ قالدىم دېگەندە،
سۆيۈپ قويغان يامانمۇ.

ئۆستەڭ قېشى جاڭزا،
يارنىڭ قولىدا گاڭزا.
قارىمايمەن باشقىغا،
ياسانسىمۇ مىڭ ياڭزا.

ئالغاچ كەلگەن بەلۋېغىڭ،
بېلىمگە ھېچ يەتمەيدۇ.
سېلىپ قويغان شۇ ئوتۇڭ،
يۈرىكىمدىن كەتمەيدۇ.

چىبەرقۇتتا تون كىيىپ،
كەمەردە باغلىغان يارىم.
بىرغىنا كۈلۈپ قويسام،
كۆڭلى ئاغرىغان يارىم.

باغقا قوغۇن تېرىسام،
تەگدىن تولىسى سويما.
ھورۇن بىلەن خوشام يوق،
باشقىنى تېپىپ ئوينا.

ئاتلاپ ئۆتتۈم ئېرىقتىن،
قورقۇپ كەتتىم بىلىقتىن.
كۆڭلۈم بەكمۇ ئاغرىدى،
كۆزى ئۈز بەتقىلىقتىن.

چىغىر يوللار يول ئەمەس،
ئاشىدۇ داۋان بىلەن.
نادانلارغا دوست بولسا،
ئوينايدۇ يامان بىلەن.

ئېگىز تاغنىڭ چوققىسى،
تاقىشىپتۇ ئاسمانغا.
خوش بولسىڭىز ئوينايلى،
خۇمارىم يوق قاچقانغا.

باغدا ئۆسكەن تېرەكنىڭ،
ياغاچلىرى نو بولغاي.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئىككى كۆزۈڭ كور بولغاي.

ئۆگزىدىن ئېگىز چەللە،
تەلپەكتىن ئېگىز سەللە.
قىزنىنى ئالاي دېسەم،
بەرمىدى سارالڭ دەللە.

بوگۈن يامغۇر يېغىپتۇ.
يۈزلىرىمگە سۇ چېچىپ.
تۇتقان يارىم دېۋەڭكەن،
يۈرىدۇ مەندىن قېچىپ.

سۇ بويىدا ئەگىدۇ،
ئاق قاناتلىق بېلىقچى.
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
تۇتقان يارنىڭ يىلىلىقچى.

ماڭا ياققان سامساڭنى،
سېلىپ قويغىن چىنەڭگە.
چاقىرمىسام كەلمەيسەن،
ھال تارتىسەن نېمەڭگە.

قىزىلگۈلنى ئۈزمەڭلار،
تۇزۇپ چۈشىدۇ يەرگە.
ئاشنا تۇتساڭ كادىرنى،
ئېلىپ كېتىدۇ شەگە.

ئىشىك ئالدى چامغۇرلۇق،
چامغۇرلۇقتىن ماڭغۇلۇق.
يارنىڭ كۆڭلى رەنجىسە،
قەنت چاي تۇتۇپ ئالغۇلۇق.

لەڭپۇڭچى دېمەڭ بىزنى،
چوڭ بازاردا ئۆيىمىز.
ئويناپ كۆرۈڭ دوستلىرىم،
قىرغاۋۇلدەك خۇيىمىز.

بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى،
يار كويىدا ناشتا مەن.
كۆڭۈل بەرمىسەم بوپتىكەن،
سىز خېنىمغا باشتا مەن.

قاغا قونمىغان تېرەك،
قوغۇن چۈشمىگەن پېلەك.
ئون بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

ئارقاڭدىن كېلىۋاتسام،
قارىمىدىڭ كەينىڭگە.
مەقسىتىڭ بۆلەك بولسا،
قويۇپ بېرەي مەيلىڭگە.

ئالتە ئۇلاغ ئوتۇن ياردىم،
تۆت ئۇلاغدا تارتىشا.
مەن دوستۇمنى سۆيگەندە،
قىزىلگۈلدەك يارىشا.

ھوي خېنىم سېرىق چىراي،
ئوتۇڭغا مەن قانداق چىداي.
ئاۋۋال ئاخشامدا بېرىپ،
تاڭ ئاتقۇچە راۋاب چالاي.

دوستىمۇ سەن، دۈشمەنمۇ سەن،
نەدىن قوشۇلدۇڭ سەن ماڭا.
خالىي بىر جايغا بېرىپ،
دەردىمنى ئېيتاي مەن ساڭا.

باغدا تۇرۇپ مارىدىم،
تال چىۋىقتەك بويۇڭنى.
ئۇنتالمايمەن ئامرىقىم،
سېنىڭ تاتلىق خۇيۇڭنى.

كۆللىرىڭنى ئايلىنىپ،
بىر ئۆردەك ئاتالمىدىم.
دەردىڭدە تولا يىغلاپ،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

يارىم بىلەن كۆرۈشتۇق،
يېڭى باغچا ئالدىدا.
كۆرمىسىكەن دۈشمەنلەر،
سۆيۈشكەننى دالدىدا.

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
يولىغا راۋان بولسۇن.
بىرغىنە سۆيۈپ قويۇڭ،
ئۆمۈرلۈك ئارام بولسۇن.

ئاق چېقىلدىن غاز ئۇچتى،
كۆك چېقىلدىن غىتىلغاق.
يېڭى تۇتقان شۇ يارىم،
خۇشچىرايلىق، چېچىلغاق.

بۈگۈن قانداق كۈن بولدى،
چىقىدۇ غۇر - غۇر شامال.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال.

شامال چىقسا ئەگىيدۇ،
يارىڭنىڭ بېغىدا گۈلى.
ھەر ئاخشىمى بوينۇمدا،
يارىمنىڭ ئۇماق قولى.

ساي بويلاپ شامال كەلسە،
مەندىن يارنى سورايدۇ.
يارىڭنىڭ ئىسمى ھەسەلخان،
چىلگە قوغۇن پۇرايدۇ.

ئۆستەڭ سۈيى تارتىلدى،
يار كەتتىمىكىن باشتىن.
دوستلۇرۇم دۈشمەن بولۇپ،
ئايرىلدىم قەلەم قاشتىن.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تېشى بار توپاسى يوق.
ئەقىدىسى بوش يارىڭنىڭ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق.

كۆل بېشىدا چوكانلار،
دۇتارنى چالاي دەملا.
خۇدا بەرگەن بۇ جاننى،
ئۆزلىرى ئالاي دەملا.

ئاق كەپتەرگە تاش ئاتسام،
كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى.
يارىم بىلەن قوشىنىدۇق،
سۆيمىسەم كۆچۈپ كەتتى.

ئېيتىپ بەرگۈچى چىرا يېزا ئارىش
كەنتىدىن: ئىمىن ھېيت
توپلاپ رەتلىگۈچى: ياسىن ھېيت
تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

گۆلجاھان مەتنىياز

# سەھرا بالىسى

دىكابىردا جۇدۇن سوغۇقتا،
پادا ھەيدەپ يۈرەر بىر بالا.
تاڭ سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى،
نەشتىرىنى ئۇرماقتا ئاڭا.

ئوتلىماستىن بەڭۋاش قوزىلار،
يىراقلارغا قاچار بەزىدە.
بالا قارار ئۇپۇققا پات ـ پات،
قويلىرىغا تەلمۈرەر يەنە.

بالا قارار ئۇپۇققا پات ـ پات،
ھىسلىرىدا كېزەر ئەندىشە.
تويغۇزمىسا بولماس قويلارنى،
بارمىسا ھەم بولماس مەكتەپكە.

بالا قارار ئۇپۇققا پات ـ پات،
ھىسلىرىدا كېزەر ئەندىشە. . .

مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۇۋچى)

# ئىككى شېئىر

## ئويلاش

ئويلايمەن ئايالنى، مەبۇتمۇ سەن دەپ،
يۈرەكنىڭ بىر يېرى لىڭشىتىدۇ باش.
دۇنيانى ياراتقان كۆلپەتلىرىدىن،
نۇرلىنىپ كېتىدۇ قەدىمىي قۇياش. . .

ئويلايمەن ئايالنى، شەيتانمۇ سەن دەپ،
يۈرەكنىڭ بىر يېرى لىڭشىتىدۇ باش.
ئۇپۇقنى قاپلىغان غاۋغا ـ غەلۋىدىن،
سارغىيىپ كېتىدۇ قەدىمىي قۇياش.

ئويلايمەن ئايالنى، سەن بىر سىفنىكىس
باغرىڭدا تەخلەگلىك جەننەت ۋە دوزاخ.
شۇ قەدەر ئاسان ۋە شۇ قەدەر قىيىن،
قەلبىڭدۇر مەڭگۈلۈك گۈزەل تېپىشماق.

## ئايالىمغا. . .

ئاجايىپ بىر ناخشا بۇ قەلبىمدىكى،
تىلىمنى لال قىلار، يۈرىكىمنى سۆ.
مەن بىر ئەر، يىراقتىن ساڭا كۆيگۈچى،
بىر قولۇڭ مۇھەببەت، بىر قولۇڭ قايغۇ.

ئاھ، ئەبجەش شاراپسەن، بولدۇم غەرق مەس،
سۆزلەشكە ئىمكان يوق كۆلپەتلىرىڭدىن.
شاللاقلىق مېنىڭدۇر، سېنىڭكى ئەمەس،
ئويغاندىم شۇ يارقىن نەپرەتلىرىڭدىن.

ئاھ قىزىم كۆيلەيدۇ قونچاقلىرىنى،
كەل سېنى قەلبىمگە قىلاي پاسىبان.
يىرتتىم سەن ئۈچۈن قوشاقلىرىمنى،
(بىر چاغلار ئۆزگىگە ئاتاپ يېزىلغان).

ئاجايىپ بىر ناخشا بۇ قەلبىمدىكى،
سارغايغان، روھىمنى يورۇتقان ئاپتاپ.
ئېيتىمەن بۇ كۈنلەر ساڭا كۆز تىكىپ،
قول ئۇنۇپ كەچمىشتىن، بىر ساڭا ئاتاپ. . .

هاياتنوپۇس مۇھەممەت

# بىز يەنە شېئىرسىراۋاتىمىز

روھ — ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. شېئىر — چەكسىزلىككە سىڭىپ كەتكەن روھىمىز مونولوگلىرىنىڭ ناگان — ناگاندا بىر ھېس قىلىپ قالىدىغان خورسىنىشلىرى، سىلكىنىشى، ئۆزىنى تىڭلىشى. ئۇ بىزنىڭ ئادەمىي چۇقانلىرىمىز ئىچىدىن سىقىپ چىقىرىلغان تىنىش بەلگىلىرى. قاچانكى بىز ئادەملىك ۋەزنىمىز بىلەن زېمىنغا ئاپىرىدە بولدۇق، شۇنىڭدىن بۇيان شېئىر بىزنىڭ قېنىمىز بىلەن بىرگە ھاياتلىقىمىزدىن بېشارەت بېرىپ كەلدى. دېمەك، بىزنىڭ ئادەملەرگە خاس تۇيغۇمىز، پىنھانە پىچىر — پىچىرلىرىمىز، تەبىئەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھىممىتى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئاۋازلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان زېھنىي شېئىر بولۇپ تۇغۇلدى. رېئاللىقنىڭ يۈگۈر — يېتىملىرىدا نەپسانىيەت ۋەسۋەسىچىلىكىدىكى يەم بولۇشلار ئىچىدە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈرلەركى، ھېلىمۇ ئۆزىمىزنى تونۇشقا، روھىمىزنى ئازابلاشقا، تەبىئەت سىرلىرىنى بىلىشكە، ئۇنىڭ تەڭ مەرتىۋە يۈكسەكلىكىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ كېتىشكە، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا بىزگە مادار ۋە تىرەنلىك ئاتا قىلىنغان ھىممەت — شېئىر!

بىزنىڭ قەلبىمىز چەكسىزلىككە سوزۇلغان شېئىر. بىز مانا مۇشۇ شېئىرنىڭ پەش — چېكىتلىرىدە توختاپ ھېس قىلىشلىرىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىكىنى تونۇپ تۇرىمىز. ئىنسان روھىنىڭ مەنىۋى قاتلاملىرى شۇنچىلىك نازۇك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەپسۇسكى قەلبىمىزدىكى ئاشۇ شاۋقۇنلارنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىل تىلى بەك نامرات، سەزگۈ بەك قاتمال بولغاچقا بىزنى، دېيەلمىگەن، ئىپادىلىيەلمىگەن ھېسلىرىمىزنى لايىقىدىراق دەپ بېرەلەيدىغان، تىل شەكلى بىلەن بىزگە ئاڭلىتىپ ئىچ — ئىچىمىزدىن ئازادىلىك ھېس قىلدۇرالايدىغان، چىڭقىپ، بېسىم ھاسىل قىلىۋاتقان روھىمىزنىڭ يۈكىنى ئازايتىپ، بىزدىكى تەنھالىقنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدىغان شېئىرلار بەك — بەك ئاز.

ئەدەبىيات ئەمدىلا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش باسقۇچىغا كىردى. ئۆزىنىڭ ئەسلى فۇنكسىيىلىك ماھىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان شېئىرىيەت، غەيرىي ئەدەبىيات چاكارچىلىقىدىن ئىبارەت مەغلۇبىيەت قايىنمىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىپ ئەسلىگە قايتىۋاتىدۇ. بىر كەملەردىكى شوئارۋازلىق، پورسەتپەرەس نەزمىچىلىك قاپلىغان شېئىرىيەت قايىنمى ئىچىنىشلىق تراگېدىيە ئىككىنى سۆرەپ ئەكىرىپ، نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ھەتتا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشقىمۇ مادارى بولمىغان سەزگۈمىزنى سەگىتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قاپىيىلىك سۆزلەر تىزمىسىدىن بىزار بولۇپ ئىچقارپ كەتكەن شېئىر تۇيغۇمىز، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق روھىيەت قاتلاملىرىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىگە بىمالال ھۇجۇم قىلالىغان شېئىرلار، ئەلۋەتتە كۆنۈكۈپ كەتكەن تۇيغۇ ئىككىمىزنى تېڭىرقىتىپ قويدى. مانا تېخىچە تېڭىرقاشنىڭ گىرىمسەن جىلغىلىرىدىن چىقىپ بولالماي ئاۋارىمىز! بۇ شېئىرلاردىكى گۇڭگالىق دەل بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ ئۆزىمىزگىمۇ غىل — پال تۇيغۇ بېرىدىغان، ئاللىقانداق سىرىمچانلىقتىكى نازۇكلۇق ئىدى. بىزنىڭ قەلبىمىزدە، مەنىۋىيىتىمىزدە ئۆزىمىز تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان مەنىۋىيەت چاڭقاقلىقى، تەنھالىقى تولۇپ — تېشىپ تۇرۇۋېتىپ. كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ قاپىيە، تۇراق، بوغۇم دائىرىسىدىكى چەكتىن قانائەت تېپىپلا كەلگەن شېئىرىيىتىمىزدىكى خېلى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن ئاڭ ئۈچۈن ئىپتىقاندا قوبۇل قىلىش بىلەن شاللاش ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەرلىك زىددىيىتى يۈز بەردى. ھەتتا ئىككى ئېقىمدىكىلەر ئىلمىيلىكتىن، مۇنازىرە شەكلىدىن ھالقىپ شەخسىيەتكە تېگىدىغان گەپ — سۆزلەردە بولۇپ، ئۇنى شەخس دائىرىسىگىچە سۆرەپ ئەكىردى. ئۇلار

ئۆزىنىڭ بىر مىللەت ئەدەبىيات ئىلمى ئۈستىدە مۇھاكىمە، مۇنازىرە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەدىبلىك سەۋىيىسىدىن ھالقىشىپ، ھەتتا سورۇنلاردا ئىككى ئېقىمنىڭ ئادەملىرى ئۇچرىشىپ قېلىشسا ئۆز ئارا ھال - ئەھۋال سوراشمايدىغان، سالامىمۇ قىلىشمايدىغان ھالەتكە كېلىشتى. دەرۋەقە ئارىدىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ يېڭىدىن كۆز ئېچىۋاتقان بۇ ساھەدىن شېئىر قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، خالىغانچە جۆيلۈپ ئۆزىگە شائىرلىق ئاتىقى تەلەپ قىلىدىغان ھاماقەتلەرمۇ مەيدانغا چىقىشتى. بۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەچىلەر ئۈچۈن پايدىسىز مۇھىت يارىتىلىپ، يېڭىچە ئۇسلۇبتا ياخشى شېئىر يېزىۋاتقانلار ئۈچۈن ئەمدىلا تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان بالىغا ئېغىر ۋە كېلەچەكسىز ئاياغ كىيگۈزۈپ قويغاندەكلا بىر ھالەت يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئارىدىكى مۇرەسسە توغرا، ئىلمىي، ئەستايىدىل پوزىتسىيىنى، پايدىلىق تەرەپلىكى پىكىرنى قوبۇل قىلالماي، مەيدانغا چىقىرالماي ئاقساپ يۈرۈپ، ئەمدىلەتىن ھوشىنى تېپىۋاتىدۇ.

روھىمىزنىڭ، ئېڭىمىزنىڭ قايتىدىن ئۆزىنى تونۇشى، ھېس قىلىشى بىلەن مەيدانغا چىققان ياخشى يېزىلىۋاتقان، تەبىئىتىمىزنى، روھىي دۇنيارىمىزدىكى غۇۋالىقنى، ھەقىقىي شېئىرىي تۇيغۇلار نازۇكلۇقىنى يېقىشلىق، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ، تىلدىكى غۇۋالىقنى ئەمەس، ھېستىكى غۇۋالىقنى ئىپادىلەپ بەرگەن بىر تۈركۈم شېئىرلارنى قانداقتۇر «يېڭىچە شېئىرلار، گۇڭگا شېئىرلار» دەپ ئاتاشمۇ مۇشۇ خىل تېڭىرقاشلىرىمىزنىڭ مەھسۇلى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزگە، مەنىۋىيىتىمىزگە ھېچقاچان گۇڭگا ۋە يېڭى ئەمەس. بىز بۇ يەردە ئۇسلۇبى ئوخشىمايدىغانراق شېئىرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىدۇق. ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىن پەرق قىلىشقا تەمشەلمىدۇق. بەزى ياخشى شېئىرلارنى بىزگە يېڭى ۋە گۇڭگا تۇيۇلدۇرىدىغان نەرسە، بىزدىكى ھازىرغىچە كەلگەن جۈرئەتسىز، ئېتىراپ قىلالماي كەلگەن مەنىۋى بېكىنمىچىلىك، ھېسسىي نازۇكلۇقىمىزدىكى شەكىللىنىشكە كۆنۈكۈپ كەتكەن قالقان. ئەسلىمىزدە بار نەرسىلەرنى، روھىمىزنىڭ پېچىر-پېچىرلىرىنى ئاڭلاش بىزگە گۇڭگا ۋە ياتمۇ؟ ياق بىزدە روھ بولغان ئىكەن ئازابلىنىش، خۇشال بولۇش تۇيغۇلىرى بولغان ئىكەن بىز ئەزەلدىنلا بۇنداق ھېسلارغا باي ئىدۇق، ئەمما سەزگۈچانلىقىمىز بىلەن ئۇنى ئېنىق ھېس قىلالماي، كۆز ياشلىرىمىزدا، خورسىنىشلىرىمىزدا، ئۇزاق - ئۇزاقتا سوزۇلغان سۈكۈتلىرىمىزدە نېمىلەرگىدۇر تەشنا بولۇپ، نېمىلەرنىڭدۇر كەملىك قىلىۋاتقانلىقىنى، روھىمىزنىڭ تېگى - تەكتىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئاۋازلارنى ئاڭلاپ پەرق ئېتەلمەي يۈرگەنلىكىمىزنى، تەنھالىق ھېسلىرىنىڭ تورمۇشىمىزغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتۇق. . . مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن شېئىر، شېئىرىي تۇيغۇ، شېئىرىي سىزىم ئىدى. دېمەك بىز ئاجايىپ - ئاجايىپ شېئىرسىراپ كەتكەنىدۇق، قەلبىمىز يېزىلمىغان شېئىرلار قاپلاپ كەتكەن يانار تاغ جىمجىتلىقىدىكى ماگمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەپسۇسكى، مۇشۇ قاغجىراپ كەتكەن چاڭقاقلىقتا مەلھەم بولغۇدەك شېئىرلار بىزدە بەكمۇ كەم. ئاندا - مۇندا يېزىلىۋاتقانلىرىمۇ مەتبۇئات ئورۇنلىرىدىن تېگىشلىك نوپۇزغا ئىگە بولالماي كېلىۋاتىدۇ.

بۇ نۇقتىدا بىز ئەنئەنىۋى شېئىرلارنى چەتكە قاقماقچى ئەمەس. بۇ يەردە مۇرەسسە مەيداندىكى شېئىرلارمۇ نوقۇل ھالدىلا ئەنئەنىۋى شېئىرلارغا قارىتىلغان ئەمەس. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىمىزدا ھازىر بىز تىلغا ئېلىۋاتقان شېئىرىيەت ئېقىمىدا بولىدىغان ئىلغار نەمۇنىلەر بولغان. ئادەمنىڭ روھىنى تىترىتىپ زىلزىلە قوزغىغۇدەك لەززەت بېغىشلايدىغان شېئىرلار ئاز ئەمەس. بىراق ئۇ دەۋر ئۆتۈپ كېتىپ، بىزنىڭ شەكىللىنىكتىكى ئەنئەنىنى، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز دەپ سۆرەپ ئەكىرىشكە ئورۇنغان پۇچەك شېئىرلار ھەقىقەتەن بىزدە كۆپ يېزىلىپ كەتتى، داۋراڭمۇ سېلىشتى. بايراملىق شېئىر يېزىپ «ئىبە، پاھ» بىلەن شائىر بولىۋالدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. قانداقتۇر پارقىراق، دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزىمىزنى روھىمىزدا كۆرۈشتۈرۈپ پەقەت سەزگۈدىلا ھېس قىلغىلى بولىدىغان مەنىنى ئىپادىلەش، ئاندىن ئۇنىڭغا ئويناقلىق،

مەزمۇنغا مۇۋاپىق سۆز قوللىنىش قاتارلىقلار شېئىرىي سېزىم بىلەن دىت مەسىلىسى. مانا بۇ يەردە ھەقىقىي شېئىر مەۋجۇت. ئارىمىزدا شېئىرىي قېنى بارلاردىن كۆرە، تىل سەپلەش ۋە قۇراشتۇرۇشۇبىلىپلا، ئۇقسا بىر خىل ئاھاڭدارلىق تەكەللەندۇرۇپلا شېئىر يېزىۋالىدىغان، پاكى تاغدىن - باغدىن تېپىشماق ئېيتىپ قويۇپلا «يېڭىچە شېئىر» يېزىۋالىدىغانلار كۆپىيىپ، شېئىرىيەت قوشۇنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. گاڭگىراپ قېلىۋاتقان بەزى مەتبۇئات ساھەلىرى بىلىپ - بىلمەي ئېلان قىلىۋېرىپ تېز سۈرئەتتە شائىر ياساۋاتىدۇ. بىر ئادەمنى ئارتۇقچىلىقى بار دەپ تۇت - بەش قېتىم ماختاۋەرسە باشقىلاردا راستلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغىنىدەكلا بىر قانچە شېئىرى بىلەن ئۆزىنى شائىر ساناپ ھەم شائىر ئاتىلىپ يۈرۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس، ئەمما ھەقىقىي شېئىرىي ھېسقا تويۇنغان شېئىرلارنى خېلى تەستە تاپىمىز.

ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى چىنلىق بىلەن، مەنىۋى دۇنياسىنى ماھىرلىق تىل سەنئىتى بىلەن ئەۋرىشىم ئىپادىلەشتىن كۆرە، شېئىرىيەت نەزەرىيىسىدىلا چۆرگىلەپ قالىدىغان، پۇچەك، سۆز ئويۇنى قىلىپ قويىدىغان ھەم مەلۇم بىر ئىشنىڭ جاكارچىسى بولۇپ، پۈرسەتپەرەسلەرچە جان باقىدىغان شېئىرلاردىن بىزارمىز. ئالىمستۇك تاقاپ، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگۈزۈلۈپ، ئۆزىنىڭ سالاپىتىدىن ئۆزىمۇ ھەم باشقىلارمۇ ئەيمىنىپ، قاتۇرۇپ قويۇلغان شېئىرىيەت قېتىغۇرلۇقى بۇزۇۋېتىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىكى سالاپەت ئۆزىدىكى تەبىئىي ھەرىكەتچانلىقىنىمۇ بوغۇپ قويىدىغان، قۇرۇق كىيىم سالاپىتىدىلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئىي سالاپەتنىڭمۇ، تەبىئىي قاملاشتۇرۇلغان چاككانلىقنىڭمۇ ئىزناسى يوق. ئۇ ھەر ئىككىلىسىنى قاملاشتۇرالمىغان جانسىز، خۇنۇك، ئوبرازىمۇ يوق، تەسىرى، مەيدانىنىڭ تايىنى يوق شېئىرىيەت سىجىللىقى، شېئىر ياساش ھەرىكىتى. بۇنداق شېئىرلار خۇددى ھېجىيىپلا تۇرىدىغان يا ئاچچىقىنىڭ يا تاتلىقىنىڭ تايىنى يوق، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان ئارىلاشما ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق شېئىرلاردىن ئۇيغۇرنىڭ قېنىنى، ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار بۇرمىلىنىۋېتىلگەن.

مەيلى يېڭىچە دەپ ئاتىلىۋالغان شېئىرلاردا بولسۇن ۋە يا ئەسلىدىكى شېئىرىيەت ئېقىمىمىزدىكى شېئىرلاردا بولسۇن، تىلىنى ئەنگلىيەدىن، تۇيغۇسىنى ئاۋستىرالىيەدىن، قۇرۇلمىسىنى ئامېرىكىدىن ئەكېلىپ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، خاتىرىلىنىۋاتقان شېئىرنى قانداقمۇ ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ئاۋازى، قەلبىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشى، مىللەت روھىنىڭ نامايەندىسى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىپادىسى دېگىلى بولسۇن؟! بىزگە ئىنسان تەبىئىتىگە سادىق، ھەقىقىي تويۇنغان ئۇيغۇر پۇراقلىق شېئىرلار كېرەك. پەقەت بىزدە سېزىم ساپ، ئۇنى بايقايدىغان سەزگۈ ساپ بولسىلا، ئەينەن ھېس قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسىلا، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇۋاپىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىسىلا شېئىرىيەت شەكلىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. شېئىردىكى ھېسسىيات — شېئىرنىڭ قېنى. بىز بۈگۈندىن كېيىنكى شېئىرىيەت ئىلمى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تەتقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئەستايىدىل ئېتىراپ قىلىشقا يۈزلىنىپ بېرەلىسەكلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولىدۇ. ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر ئېقىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىز تەرەپلىرى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز ئاشۇلاردىكى ئۆزىمىزگە كېرەكلىك دېتاللارنى تاللىۋالالىساقلا پايدىلىق يۈزلىنىش باسقۇچىدا تۇرالايمىز. تاللاش ۋە شاللاشتا بىزگە ئەڭ مۇھىمى ئەستايىدىللىق كەم، ئۆزىمىزنى ھېس قىلىپ بېقىشىمىز، تۇيغۇلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ بېقىشىمىز گال بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھەقىقىي شېئىر — شېئىرىيەت نەزەرىيىسىدىن جۇغلانغان چەكتە ئەمەس، ئۇ ھەممىمىزنىڭ قېنىدا، يۈرىكىدە! سەزگۈمىزگە ئىشىنەيلى، ئۆزىمىزنى دەڭسەپ باقايلى. مانا ھەممىمىز ئاللىقاچان شېئىرغا ئايلىنىپ، شېئىرسىراپ، ئۆزىمىزنى ئېچىشنى، ئىپادىلەشنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمىزغۇ؟!

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان



ياغاچ قاچا - قوچىلار



مۇقام شادلىقى

ئابدۇللا ئۆمەر فوتوسى


新 玉 文 艺　يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

一九九八年　（双 月 刊）
编 辑：《新 玉 文 艺》编 辑 部
出 版：和 田 行 署 文 化 处
喀 什 日 报 社 印 刷 厂 印
发 行：和 田 地 区 邮 电 局
订 阅：全 国 各 地 邮 电 局
印 张：787×1092，1/16，6.125 张
国 内 外 统 一 刊 号：
ISSN1002—929X　CN65—1088/1
代号：58—26

1998 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1092 × 787مم ، 1/16، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X　CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价：1.60 元，电话：2023792　باھاسى: 1.60 يۈەن، تېلېفون نومۇرى: 2023792